بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە


❖ ئاللاھنىڭ بىرلىكى، ”قۇرئان كەرىم“نىڭ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقلىقى............ مۇھەممەد يۈسۈپ 3

❖ ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچان كېلىدۇ....ئوبۇلقاسىم ئەھمەد 9

❖ شاپائەت ئىنكارچىلىرىغا رەددىيە....ئابدۇلئەھەد ھاپىز 20

❖ دەۋەتچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر .............................بابۇر ھېيىت تەرجىمىسى 38

❖ ياشلار ۋە باشلامچىلىق روھى ................. ........................................ئۆمەر سالىھ زىيائىي 49

❖ ئاھ ۋاپا، سەن نەدە؟............تاھىرجان ئابباس 56

❖ ئەخمەتنىڭ ھېكايىسى..........ئابلىكىم ئابدۇغۇپۇر 65

❖ چىنگگىزخان داموللامنىڭ مەشھۇر ئىككى ئەسىرى ھەققىدە.............................مۇھەممەد يۈسۈپ 75

❖ مەسئۇللۇق بار ... (شېئىر) ........................ ........................ئابدۇلئەھەد خان مەخسۇم ھاجىم 80



دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

1 ـ سان
(ئومۇمىي 26 ـ سان)



ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىددىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇلئەھەد ئۆچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇلئەھەد ئۆجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇللا قاسىم
ياسىن ئابدۇلھېكىم



ئەسەر ئەۋەتىش
پىكىر-تەكلىپ بېرىش
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلەدىغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئايەتلەر ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجىمگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئايەتلەر ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

——«مەرىپەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز:
**Kamal Paşa Mahallesi Biga Sokak No. 27**
**Bodrum Kat Sefaköy Küçükçekmece istanbul**
***TEL: 0212-6243928***




يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ (21) الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ فِرَاشًا وَالسَّمَاءَ بِنَاءً وَأَنْزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقًا لَكُمْ فَلَا تَجْعَلُوا لِلَّهِ أَنْدَادًا وَأَنْتُمْ تَعْلَمُونَ (22) وَإِنْ كُنْتُمْ فِي رَيْبٍ مِمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِنْ مِثْلِهِ وَادْعُوا شُهَدَاءَكُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ (23) فَإِنْ لَمْ تَفْعَلُوا وَلَنْ تَفْعَلُوا فَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ (24).

## تەرجىمىسى

21 ـ ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار[①] ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار[②].

22 ـ ئۇ سىلەرگە زېمىننى سېلىنچا ۋە ئاسماننى تورۇس قىلىپ بەرگەن،

---

(①) كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ﴿لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ دېگەن ئايەتكە «ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن» دەپ مەنە ئېيتىپ، «ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلساڭلار، ئۇنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قالىسىلەر» دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن مەقسەت ئۇنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ۋە ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. بۇ ئايەت يەنە «ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلساڭلار، تەقۋادارلار كىشىلەردىن بولىسىلەر» دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مۇپەسسىرلەر ھەر ئىككى مەنىنى توغرا دەپ قارايدۇ. ﴿تَتَّقُونَ﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە «ساقلىنىش»، «قوغدىنىش» ۋە «قورقۇش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بۇ سۆز «تەقۋالىق» دېگەننىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بىز ئۇنى بۇ ئورۇندا «ساقلىنىش» دەپ تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

(②) بۇ يەردىكى ئىبادەت - ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇپ، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

www.uyghurkitap.com

ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، سىلەرگە يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەردىن رىزىق چىقىرىپ بەرگەن زاتتۇر. شۇڭا، سىلەر بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار.

23 ـ ئەگەر سىلەر بىز بەندىمىز (مۇھەممەد)گە چۈشۈرگەن قۇرئانغا شەك كەلتۈرسەڭلار ۋە (قۇرئان ئىنسان سۆزىدۇر دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ، قۇرئاندىكىگە ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار.

24 ـ ئەگەر بۇنداق قىلالمىساڭلار ـ ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر ـ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار.

## تەپسىرى

ساھابىلەرنىڭ ئەڭ كاتتا مۇپەسسىرى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ ﴾ يەنى ﴿ئى ئىنسانلار!﴾ دەپ باشلانغان ئايەتلەر مۇشرىكلارغا قارىتىلغان، ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا﴾ يەنى ﴿ئى ئىنسانلار!﴾ دەپ باشلانغان ئايەتلەر مۆئمىنلەرگە قارىتىلغان. ئەمما بۇ يەردىكى خىتاب بارلىق ئىنسانلارغا قارىتىلغان ئومۇمىي خىتابتۇر».

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرى، ئىبنى كەسىر، قۇرتۇبى، بەغەۋى ۋە جەلالەيىن قاتارلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ﴿اعْبُدُوا رَبَّكُمُ ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىك مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايتتى، پەقەت ئۇنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلمايتتى ۋە ئۇنىڭغا بۇتلارنى شېرىك قىلىۋالاتتى. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلارغا قاراتقان تۇنجى خىتابى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى جاكارلاش ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان.

ئەللامە قۇرتۇبى ﴿اعْبُدُوا رَبَّكُمُ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇ يەردىكى ئىبادەت ـ ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىبادەتنىڭ ئەسلى بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش دېگەنلىكتۇر».

ئەللامە ئەبۇلھەسەن ۋاھىدى ﴿اعْبُدُوا رَبَّكُمُ﴾ دېگەن ئايەتنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بويسۇنۇڭلار دەپ تەپسىر قىلغان[①].

---

[①] ئەبۇلھەسەن مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئەلۋاھىدى ـ تەپسىر، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى، تارىخ قاتارلىق ئىلىملەردە كامالىغا يەتكەن ئالىم، «أسباب النزول» يەنى (ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرى) ناملىق مەشھۇر

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ۋە كائىناتنىڭ يېگانە ئىگىسى ھەم پەرۋىش قىلغۇچى رەببى ئىكەنلىكىنى چىن دىلىدىن ئېتىراپ قىلغان ھالدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق، جانسىز پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ يەككە ـ يېگانە ياراتقۇچىسىدۇر ۋە يېگانە ئىلاھتۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ، مەخلۇقاتقا چوقۇنۇشى، ئۇلاردىن مەدەت ۋە ياردەم تىلىشى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتۇر.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشنىڭ يولى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، ئىتائەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەت قانۇنىنى ئۆزىنىڭ ھاياتلىق دەستۇرى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق قىلغان ئادەم ھەم ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قالالايدۇ، ھەم تەقۋادار كىشىلەردىن بولالايدۇ.

مەلۇمكى، مۇئمىن كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ياقىدىغان سۈپىتى تەقۋالىقتۇر. تەقۋالىق ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە قىلىش ۋە ئۇنىڭغىلا تايىنىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئاللاھ تائالا زېمىننى ئىنسانلارنىڭ يەرلىشىپ، خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن خۇددى سېلىنجىغا ئوخشاش قىلىپ بەرگەن، ياخشىلىق ۋە بەرىكەتنىڭ مەنبەسى قىلىنغان ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ياراتقان، بۇلۇتلاردىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق زېمىندىن تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى، دانلارنى ۋە مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىپ، بارچە مەخلۇقاتنىڭ رىزقىنى تەمىن ئەتكەن زاتتۇر. شۇڭا، يارىتىش، پەرۋىش قىلىش، رىزىق بېرىش قاتارلىق ئىلاھىي سۈپەتلەر پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا مەنسۇپتۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىنى بۇ ئىلاھىي سۈپەتلەر بىلەن شۇنداق سۈپەتلىگەن يەردە، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ يەككە ـ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشى، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىشى، توسقانلىرىدىن يېنىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان ئايەتتىن كېيىن، ئۇلارغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى،

ئەسەرنىڭ ۋە «الوجيز في تفسير الكتاب العزيز» ناملىق تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى بولۇپ، ئىراننىڭ شەرق شىمالىدىكى خۇراسان رايونىنىڭ پايتەختى نىشاپور شەھىرىدە تۇغۇلغان ۋە ھىجرىيەنىڭ 468 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئى ئىنسانلار ئەگەر سىلەر بىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن «قۇرئان كەرىم»گە شەك كەلتۈرسەڭلار، بارچە ئىمكانىيىتىڭلارنى ئىشقا سېلىپ، بارلىق ياردەمچىڭلارنى ۋە ئاتالمىش «مەبۇدلىرىڭلار»نى چاقىرىپ، مۇشۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار! چۈنكى«قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا چۈشكەن بولۇپ، ئۇ سىلەر ئادەتتە قوللىنىۋاتقان ئەرەب ھەرپلىرىدىن تەركىپ تاپقان ۋە سىلەرنىڭ سۆزلىشىدىغان تىلىڭلاردا چۈشكەن بىر كىتابتۇر. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تالانتلىق شائىرلار ۋە ئەدەبىياتتا يېڭىلمەيدىغان ئاتاغلىق ئەدىبلەرمۇ ئاز ئەمەس، ئەگەر سىلەر «قۇرئان مۇھەممەدنىڭ سۆزىدۇر» دېگەن گېپىڭلاردا راستچىل بولىدىغان بولساڭلار بارلىق ياردەمچىڭلارنى ياردەمگە چاقىرىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ مۇنازىرىسىگە جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار قېنى!

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق كاپىرلارغا مۇنازىرە ئېلان قىلىپ دەيدۇكى: سىلەر ھەر قانچە قىلىپمۇ قۇرئان سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى كەلتۈرەلمەيسىلەر، ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىڭلارنى ئېتىراپ قىلغان بولساڭلار ھەققەتكە قايتىڭلار ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان ئېيتىڭلار. شۇنداق قىلغاندىلا سىلەر ئۆزۈڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاشلاردىن بولىدىغان دەھشەتلىك دوزاخ ئوتىدىن ساقلاپ قالغان بولىسىلەر.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىك ئەرەبلەرنى «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشاش بىرەر سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىشقا چاقىرىپ مۇنازىرە ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۇسلۇبتا، بەدىئىيلىكتە ۋە پاساھەتتە «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە ئەمەس، بەلكى بىرەر ئايەتنىمۇ مەيدانغا چىقىرىشتىن ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە قانۇنىي تەرەپلىرى ئىنساننىڭ تەپەككۇر سەۋىيەسىدىن يۇقىرى، ئالاھىدە ئىلاھىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»نىڭ پۈتۈن دۇنياغا بىردىنبىر مۆجىزە ئىكەنلىكىنى زاماننىڭ ئىلگىرلىشى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىلىم ـ پەن ئىسپاتلىماقتا.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2. ئىنسانىيەتنىڭ تا ھازىرغىچە «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقلىقى ۋە مۆجىزىسىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

3. دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اتَّقُوا النَّارَ وَلَوْ بِشِقِّ تَمْرَةٍ» يەنى«بىر خورمىنىڭ يېرىمىنى سەدىقە قىلىش بىلەن بولسىمۇ دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىڭلار»[①] دەپ كۆرسەتكەن.

4. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇلغانلىرىنى ئورۇنداش بەندىلەرنىڭ ئۈستىگە قەرز ھەم پەرزدۇر. چۈنكى، ئىبادەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.

5. ئاللاھ تائالانى بارچە گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئېسىل سۈپەتلىرى بىلەن ئاتاش پەرزدۇر.

6. شېرىكنىڭ چوڭ - كىچىك، ئاشكارا - يوشۇرۇن ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر.

## «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرگەنلەر ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك مۇكاپاتلار

**وَبَشِّرِ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ كُلَّمَا رُزِقُوا مِنْهَا مِنْ ثَمَرَةٍ رِزْقًا قَالُوا هَذَا الَّذِي رُزِقْنَا مِنْ قَبْلُ وَأُتُوا بِهِ مُتَشَابِهًا وَلَهُمْ فِيهَا أَزْوَاجٌ مُطَهَّرَةٌ وَهُمْ فِيهَا خَالِدُونَ** (**25**).

### تەرجىمىسى

25 - (ئى پەيغەمبەر!) ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار ھەر قېتىم جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنمۇ رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا (كۆرۈنۈشتە) دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپلەر بار، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى: ئى پەيغەمبەر! «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىردىنبىر ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ۋە سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان، شۇ ئىمانىنىڭ تەلىپىگە لايىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرگە قەسىرلىرىنىڭ دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئېسىل جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار ئاشۇ ئېسىل جەننەتلەرگە كىرىدۇ ۋە ئاشۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ

[①]«صحيح البخاري» 2 - توم، 109 - بەت، 1417 - ھەدىس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئۇ جەننەتلەردە ئۇلار ھېچ كۆرۈپ باقمىغان، ئاڭلاپ باقمىغان ۋە خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان، كۆڭۈللىرىگە ياقىدىغان، لەززەتلىك نازۇ ـ نېمەتلەر بار. ئۇلار جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن ھەر قېتىم نېمەتلەنگەن ۋاقتىدا: «بىز بۇ مېۋىلەرنىڭ ئوخشىشىنى دۇنيادا كۆرگەن ۋە يېگەن ئىدۇق، ئەمما تەمى، لەززىتى بىز دۇنيادا كۆرگەن ۋە يېگەن مېۋىلەرگە ئوخشىمايدىكەن، بۇنداق لەززەتلىك مېۋىلەرنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ۋە تېتىپ باقمىغان» دېيىشىدۇ. جەننەتتە مۆئمىنلەرگە ھەرخىل مېۋىلەر ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئىشتىھاسىغا قاراپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، كۆڭۈللەر كۆڭگەن نەرسىسىگە مايىل بولىدۇ. جەننەتتە يەنە ئۇلار ئۈچۈن ئىنسان ياكى جىن يېقىنلىشىپ باقمىغان، خۇددى گۆھەر ساقلانغاندەك نەچچە قات پەردىلەر ئىچىدە ئاۋايلاپ ساقلانغان ھۆر قىزلار بار. بۇ ھۆر قىزلار ھەرقانداق پاسكىنىلىق ۋە كەمچىلىكلەردىن ۋە ئاياللارغا خاس ئايلىق ئادەتلەردىن ھەمىشە پاك تۇرىدۇ (يەنى جەننەتتىكى ئاياللار ھەيز كۆرمەيدۇ).

جەننەتكە لايىق بولغان مۆئمىنلەر جەننەتلەردە مەڭگۈ شۇنداق نازۇ ـ نېمەتلەر ئىچىدە تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار جەننەتتىن زېرىكىپ قالمايدۇ، باشقىسىنىمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ، ئۇ جەننەتلەردىن چىقىرىلمايدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدىغان پەزلى ـ كەرىمىدۇر.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، جەننەتنىڭ نازۇ ـ نېمەتلىرى سان ـ ساناقسىز ۋە ھەر تۈرلۈك بولۇپ، ئىنسان ئەقلى ئۇنى تولۇق تەسۋىرلەپ بېرىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى ئايەتتە ۋە باشقا ئايەتلەردە جەننەتتىكى مېۋىلەرنى، تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەرنى ئىسىملىرى بىلەن بايان قىلىشى پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئەقلىلىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، جەننەتنىڭ مېۋىلىرى ۋە بارچە نېمەتلىرى لەززەت ۋە ھالاۋەت جەھەتتە بۇ دۇنيانىڭكىدىن ئەلۋەتتە يۇقىرىدۇر. جەننەتلەردە كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار. ئاللاھ تائالا بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ باشقا بىر ئايەتتە: ﴿وَفِيهَا مَا تَشْتَهِيهِ الْأَنْفُسُ وَتَلَذُّ الْأَعْيُنُ وَأَنْتُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ يەنى ﴿جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار. (ئۇلارغا دېيىلىدۇكى) «سىلەر بۇ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىسىلەر﴾[①] دېگەن.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر. بۇ ئىككىسى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نىجاتلىقنىڭ كاپالىتىدۇر.

2. جەننەتلەرگە كىرگەنلەر ئۇ جايدا

---

(①) زۇخرۇف سۈرىسى: 71 - ئايەت.

مەڭگۋ تۇرىدۇ. جەننەتتىڭ نىمەتلىرىنى بۇ دۇنيانىڭ نىمەتلىرىگە سېلىشتۇرعىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




خەلقىمىز تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن زۇلۇملارغا ئۇچرىماقتا، مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىدىن ۋازكېچىشكە مەجبۇرلانماقتا، مىللىتىمىزنىڭ سەرخىللىرى تۈرلۈك تۆھمەتلەر بىلەن زىندانلاردا شېھىت قىلىنماقتا، ياشلار يۇشۇرۇن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تۈرمىلەرگە يۆتكەلمەكتە، يۆتكەلمىگەنلەرمۇ لاگېرلاردا مىڭە يۇيۇش ۋە ماڭقۇرتلاشتۇرۇش بېسىملىرىغا ئۇچرىماقتا، ھەتتا پۈتۈنلەي يوقىتىلىش خەتىرىگە دۇچ كەلمەكتە. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پائالىيەتچىلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ زۇلۇملارنى تونۇتۇش ۋە خەلقىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتمەكتە، قەلبى لەختە بولغان خەلقىمىز ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئاللاھنىڭ ياردىمىنى كۈتمەكتە.

ئەمما بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ نەتىجىسى خەلقىمىزنىڭ، بولۇپمۇ پائالىيەتچىلىرىمىزنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتلەرنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ، ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە پائالىيەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ شەرت، سەۋەبلىرىنى ۋە ئۆزلىرىدە تارىختا ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى ھازىرلىشىغا باغلىقتۇر. بۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ، تارىختا ئۆتۈپ قازانغان رەھبەرلەرنىڭ ۋە شانلىق تارىخ ياراتقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ يولىدۇر.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ شەرت، سەۋەبلىرىنى ھازىرلىغانلارنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلىشنى، دىنىنى مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن چىققۇچىلاردۇر».[1]

ئاللاھ ياردىمىنىڭ كېلىشى ئۈچۈن زامان ۋە ماكاننى ئەمەس، بەلكى شەرت، سەۋەبلەرنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ھەرقانداق بىر جامائەت ياكى مىللەت قايسى زامان ۋە قايسى ماكاندا بولسۇن، ئۇ شەرت، سەۋەبلەرنى ھازىرلىغان ھامان ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى مۇقەررەر. «ئاللاھ ھەقىقەتەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان زاتتۇر. ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر».[2]

زېمىن ئاللاھنىڭ مۈلكى بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزى خالىغان بەندىلىرىنى ۋارىس قىلىدۇ. «يەر يۈزى ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھ ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر».[3] «بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا ئەزەلدە يازغاندىن كېيىن، داۋۇدقا نازىل قىلىنغان زەبۇردا زېمىنغا ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق».[4]

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە يەنە بىر قانچە ئورۇنلاردا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەرگە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز».[5] «(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ راست

[1] سۈرە نۇر55 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە111 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ئەئراف128 ـ ئايەت.

[4] سۈرە ئەنبىيا105 ـ ئايەت.

[5] سۈرە غافىر51 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەرلىكلىرىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى، ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىپ ئاسىيلىق قىلدى، ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالىدۇق، مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى».① «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدەمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ».② «بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان. ئۇلار چوقۇم ياردەمگە ئېرىشكۈچىلەردۇر. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر».③

تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، بىر مەزگىل ۋەھشىي زۇلۇملارغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشنىڭ شەرت، سەۋەبلىرىنى ھازىرلاپ ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن نۇرغۇن جامائەت ياكى مىللەتلەرنىڭ ئۆتكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. زالىملارنىڭ تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىش خەتىرىگە دۈچ كەلگەن ساھابىلارمۇ ماددىي ئىمكانىيەتنىڭ ئازلىقى بىلەن تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشنىڭ شەرت، سەۋەبلىرىنى ھازىرلاپ، ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە زالىم ئىمپېراتورلارنى يىقىتىپ، زېمىننىڭ ۋارىس ۋە خوجايىنلىرىغا ۋە دۇنيادا بىرىنچى كۈچكە ئايلانغان.

خەلقىمىزدە ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشنىڭ شەرت ۋە سەۋەبلىرى ئاساسەن تېپىلىدۇ، لېكىن جىددىي تۈزەتمىسە بولمايدىغان ئىللەت ۋە خاتالىقلار خېلى ئېغىر. ئىللەتلەرنىڭ ئازىيىشى، خاتالىقلارنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ياردىمىنىڭ تېزراق كېلىشى ئۈچۈن، خەلقىمىزنىڭ ئۆلىمالار قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن يەكۈنلىگەن ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشنىڭ شەرت، سەۋەبلىرىنى، ۋە تارىختا ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەنلەرنىڭ مۇھىم سۈپەتلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئەمەل قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر. ئۆلىمالار خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارنى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش يولىدا كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بۇ ھەقتە ناھايىتى قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، بۇ يەردە، ناھايىتى ئىخچام بىر شەكىلدە، ئۇ ئەسەرلەرنىڭ جەۋھىرىنى سۈزۈپ تاللاپ، خەلقىمىز بىلەن ئورتاقلىشىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. چۈنكى، خەلقىمىز ئۆزلىرىدە ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشنىڭ شەرت، سەۋەبلىرىنى، ۋە تارىختا ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەنلەرنىڭ مۇھىم سۈپەتلىرىنى ھازىرلايدىكەن، تېز ۋاقىتتا ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىدىغانلىقىدا شەك يوق.

---

① سۈرە رۇم47 ـ ئايەت.
② سۈرە مۇھەممەد7 ـ ئايەت.
③ سۈرە سافات ـ 171 ـ، 172، 173 ـ ئايەتلەر.

## ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ مۇھىم شەرتلىرى

ئۆلىمالار قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ شەرتلىرىنى يەكۈنلىگەن بولۇپ، مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش. بۇ، ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئىمان ئىنساننى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ.

«ئىمان ئىنسانغا قەدىر-قىممەت، ھىممەت ۋە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ، ئىنساننى ئىززەت ۋە ئۈستۈنلۈك يوللىرىغا باشلايدۇ».[1]

ئەمەلسىز ئىمان ھېچنېمىگە يارىمىغاندەك، ئىمانسىز ئەمەلمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلىمەيدۇ. ئىماننى قاتناش قوراللىرىنىڭ موتورىغا ئوخشاتساق، ئەمەل ئۇنىڭ مېيىدۇر. ئىماننى مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشاتساق، ئەمەل ئۇنىڭ سۈيىدۇر.

ئىمان بىلەن ئەمەل ئىنساننى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ياردىمىگە نائىل قىلىدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئىسلامنى دەۋا قىلغانلارغا ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي مۇئمىن بولۇپ، ئەمەل قىلغانلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

2. ئىبادەت ئۇقۇمىنى ياخشى چۈشىنىپ، توغرا رەۋىشتە ئىبادەت قىلىش. بۇ، ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ياردىمىنى ئىزدىگەن ھەرقانداق بىر جامائەت ياكى مىللەتتىن ئاۋۋال ئىبادەت ئۇقۇمىنى توغرا چۈشىنىش ئاندىن ئاللاھقا توغرا رەۋىشتە ئىبادەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

«ئىلگىرىكىلەر ئىبادەت ئۇقۇمىنى كەڭ ۋە ئومۇمىي دائىرىدە چۈشەنگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ چۈشەنچە بىلەن يېرىم ئەسىرگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن زېمىنلارنى پەتھ قىلىپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەپسۇسكى، كېيىنكىلەر ئىبادەت ئۇقۇمىنى تار ۋە چولتا دائىرىدە چۈشىنىۋېلىپ، نەتىجىدە ھازىرقى ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدى، رەھبەرلىك ئورنىنى يوقىتىپ، قۇللۇققا، خار-زەبۇنلۇققا مەھكۇم بولدى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۆپۈككە ئايلىنىپ، بۆرىلەر ئولجىسىنى چىشلىگەندەك، ئۇلارنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن چىشلەيدىغان

[1] في ظلال الإيمان، ص 63

www.uyghurkitap.com

ئۆلچىسى بولۇپ قالدى». [1]

ئىبادەت ئۇقۇمىنى توغرا چۈشەنمىگەن مىللەت، ئاللاھقا خالىس، توغرا رەۋىشتە ئىبادەت قىلىشتىن چەتنەپ كېتىپ، ھاۋايى - ھەۋەسىنىڭ، تۈرلۈك خوراپاتلارنىڭ ۋە تاغۇت - زالىملارنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشتىن مەھرۇم قالىدۇ.

3. شېرىك ئەقىدىگە قارشى كۆرەش قىلىش. شېرىكنىڭ بارلىق شەكىل ۋە تۈرلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىش ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شېرىكنىڭ ھەقىقىتىنى، تۈرلىرىنى، خەتىرىنى تولۇق بىلىش ئىنتايىن زۆرۈر.

ئۆلىمالار ئاللاھقا ئىبادەت قىلغاندەك مەخلۇققا چوقۇنۇش ياكى ئاللاھنى ئۇلۇغلىغاندەك مەخلۇقنى ئۇلۇغلاش ۋە ياكى ئاللاھنىڭ ئىلاھلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىنى مەخلۇققا بېرىش شېرىكتۇر دەپ قارىغان. ئۇلار شېرىكنى كىچىك شېرىك، چوڭ شېرىك دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان بولۇپ، رىيا ۋە ئابرۇيپەرەسلىكنى تەدرىجىي چوڭ شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان كىچىك شېرىكنىڭ نامايەندىلىرىدىن سانىغان.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە شېرىكنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا مۇپتىلا بولغۇچى ھەقىقىي تەۋبە قىلمىغۇچە، گۇناھى مەغپىرەت قىلىنمايدىغانلىقى، ئۇنداق كىشىنىڭ ئەڭ ئازغۇن ئىنسان بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

شېرىك ئىنساننى دۇنيادا خار - زەبۇنلۇققا، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ، ھەقىقىي ئىمان مۆئمىنلەردىن داۋاملىق شېرىككە قارشى كۆرەش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شېرىك شەخس ۋە جەمئىيەتنى ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشتىن، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشتىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ئىنساننىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. «ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن». [2]

4. تەقۋادار بولۇش. تەقۋادارلىق ئىنساننى ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان؛ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشنى تەرك ئېتىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. تەقۋادارلىق ئىنساننى پاراۋانلىققا، ئاللاھنىڭ ياردىمىگە، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە تەقۋادارلىقنىڭ ئىنساننى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش

[1] «مفاهيم ينبغي أن تصحح» لمحمد قطب، ص 173

[2] سۈرە زۇمەر - 65 ئايەت.

چارسىنى تېپىشىغا، رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىغا، پايدىلىق مول ئىلىملەرگە، ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان دىت ۋە زېرەكلىككە، دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ خۇش خەۋەرلىرىگە، ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە، قىيىن ئىشلىرىنىڭ ئاسانلىشىشىغا، ئاللاھنىڭ قوللىشىغا ۋە ياردىمىگە، ئاسمان ـ زېمىنلارنىڭ بەرىكەتلىرىگە، دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن ساقلىنىشىغا، پەرزەنتلىرىنىڭ قوغدىلىشىغا، ياخشى ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولۇشىغا، دۇنيا ـ ئاخىرەت ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇشىغا، گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا ۋە كاتتا ساۋابقا، جەننەت ۋارىسلىرىدىن بولۇشىغا، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن بېرىشىغا، جەننەتنىڭ بۇلاقلىرىدىن بەھرىمان بولۇشىغا ۋە جەننەتتە مەڭگۈ ياشىشىغا نائىل قىلىشتىن ئىبارەت دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك نۇرغۇن مېۋىلىرى بايان قىلىنىدۇ.

مانا بۇ شەرتلەرنى ھازىرلىغانلار ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمدە ۋەدە قىلغان ياردىمىگە لايىق بولغۇچىلاردۇر.

## ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ مۇھىم مەنىۋى سەۋەبلىرى

ئۆلىمالار ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇلارنى مەنىۋى سەۋەبلەر ۋە ماددىي سەۋەبلەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان بولۇپ، مۇھىم مەنىۋى سەۋەبلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

**1.** ئىخلاسمەن شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈش. بۇ، ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىش، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش سەۋەبلىرىنىڭ ئالدىن قاتارىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاللاھنىڭ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى ۋە كائىناتتىكى بارلىق نېمەتلەرنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى؛ ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىنى تولۇق بىلىدىغانلىقى؛ پەرىشتىلىرى ئارقىلىق ئىنساننىڭ پۈتۈن سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنى خاتىرلەپ تۇرىدىغانلىقى؛ بەندىلىرىنى تۈرلۈك سىناقلار بىلەن سىناپ، ياخشى ـ يامانلىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغانلىقى؛ قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلغان ياخشى بەندىلىرىگە ئىگە چىقىدىغانلىقى، بۇ دۇنيانىڭ ھامان زاۋاللىققا يۈزلىنىدىغانلىقى، دۇنيا مەنپەئىتىنىڭ ئاخىرەت مەنپەئىتىگە سېلىشتۇرغاندا، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقى؛ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ، بارلىق ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىپ، يا جەننەتكە يا دوزاخقا ئورۇنلىشىدىغانلىقى؛ جەننەتنىڭ دۇنيادىكى بارلىق جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى، دوزاخنىڭ دۇنيادىكى بارلىق راھەت ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

پاراغەتلەرنى ئۇنتۇلدۇرىدىغانلىقى؛ قىيامەت زىلزىلىسى ۋە دەھشىتىنىڭ ھامىلدار ئاياللارنى بويىدىن ئاجرىتىۋېتىدىغان ۋە ئىنسانلارنى ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان دەرىجىدە قاتتىق ۋە قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكى؛ بۇ قورقۇنچلاردىن قۇتۇلۇش يولىنىڭ بۇ دۇنيادا ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئىكەنلىكى قاتارلىقلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئاللاھ ھەققىدە توغرا تەسەۋۋۇرغا ئىگە قىلىشقا، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى پاكلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئۇلارغا مەسئۇلىيەتلىرىنى، ئاللاھىنىڭ ھوزۇرۇدىكى ئورۇن ۋە مەرتىۋىلىرىنى ئەسلەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ناھايىتى ئىخلاسمەن شەخسلەر بولۇپ يېتىشكەن.

ئىخلاسمەن شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىم تەلىماتلىرىنى ئاساس قىلىپ سىزىپ بەرگەن بۇ سىستېمىسى ئاساس قىلىنىشى لازىم.

2. ئىخلاسمەن رەھبەرلەرنى يېتىشتۈرۈش. ئىخلاسمەن رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ بولماسلىقى ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىش، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش يولىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ھېسابلىنىدۇ.

رەھبەرلىك مىللەتنىڭ بېشى بولۇپ، ئۇ ساغلام بولسا، مىللەت دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ياخشىلىققا، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ. رەھبىرىدىن ئايرىلغان مىللەت باشسىز تەنگە ئوخشاش بولۇپ، زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن ئەبەدىي قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭلاشقا ئىشغالىيەتچىلەر تارىختىن بېرى خەلقنى رەھبەرلىرىدىن ئايرىۋېتىشكە ئورۇنۇپ كەلگەن.

3. تەپرىقىچىلىك ئامىللىرىنى تۈگىتىش. ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، ساھابە ۋە تابىئىنلەرنىڭ يولىدىن چەتنەپ كېتىش؛ بىدئەتچىلىك؛ بىلىمسىزلىك؛ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىش؛ ئەقلىنى شەرىئەتنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىش؛ قارىغۇلارچە ئەگىشىش قاتارلىقلار تەپرىقىچىلىكنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بولۇپ، ئۆلىمالار ۋە مىللەت پېشۋالىرى بۇ ئىللەتلەرنى جىددىي داۋالىشى لازىم.

تەپرىقىچىلىك ئامىللىرىنى تۈگىتىش مىللەتكە ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىش، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش يولىنى ئاچىدۇ.

4. ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە بىرلىشىش. تەپرىقىچىلىك قالاقلىق ۋە ئارقىدا قېلىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بولغىنىدەك، ھەمكارلىشىش ۋە بىرلىشىش تەرەققىي قىلىش، ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشنىڭ غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ يولىدۇر.

ھەمكارلىشىش ۋە بىرلىشىش

دۇنيادىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسىدۇر. ئاللاھ پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئايرىلماستىن ئاللاھنىڭ دىنىغا چىڭ ئېسىلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دىنىغا چىڭ ئېسىلىڭلار، ئايرىلماڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى».[1]

ئاللاھنىڭ دىنىغا چىڭ ئېسىلىش ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە تولۇق ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ.

ھەمكارلىشىش ۋە بىرلىشىش شەرىئەتنىڭ تەلەپ-مەقسەتلىرىدىن، ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشنىڭ، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىندۇر.

شەيخ سەئدىي رەھىمەھۇللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى ۋە بىرلىشىشنىڭ پەرزلىكىگە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردىن نۇرغۇن دەلىللەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئەڭ ئۇلۇغ جىھاد ھېسابلىنىدۇ».[2]

ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىنى، سەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئەڭ ئۇلۇغ جىھادتۇر. چۈنكى بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت شەرىپىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم قەدەمدۇر.

ئەقىدە بىرلىكى بولۇش، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپنى ھۆكۈمران قىلىش قىزغىنلىقى بولۇش، ئىسلامغا تەۋە بولۇشتا راستچىل بولۇش، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان بولۇش، ئاللاھ يولىدا قېرىنداش بولۇش قاتارلىقلار بىرلىششنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىندۇر.

## ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشنىڭ مۇھىم ماددىي سەۋەبلىرى

ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشنىڭ، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم ماددىي سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ھەر ئىشقا مۇناسىپ كىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش. ھەر ئىشقا مۇناسىپ كىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پەنلەر بويىچە مەخسۇس كەسىپلەشكەن مۇتەخەسسىسلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە ۋە تالانتلىقلارنى ياخشى بايقاشقا توغرا كېلىدۇ. مۇھىم ئورۇنلارغا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئالاھىدە

① سۈرە ئال ئىمران 103-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② وجوب التعاون بين المسلمين، ص5.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىقتىدارلىقلارنى ئۆز ئىھتىياجلىرىنى قامدىيالىغۇدەك مائاش بېرىپ ۋە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش لازىم. بۇنداق مۇھىم ئورۇنلارغا ئىشەنچا ۋاقىتلىرى بىلەن خالىسانە خىزمەت قىلىدىغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن كۆزلىگەن نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ.

كۆزلىگەن نىشان ۋە نەتىجىگە يېتىش ئۈچۈن، پەنلەر بويىچە مەخسۇس كەسپلەشكەن مۇتەخەسسىسلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش، مەخسۇس كەسپلەر بويىچە ئىش ئىلىپ بېرىش ۋە ھەر ئىشقا شۇ ئىشقا مۇناسىپ كېلىدىغان كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر.

مۇھىم ئورۇنلارغا خۇشامەتچىلەرنى، مەنپەئەتىي تېگىدىغانلارنى، بىر يۇرتلۇقلارنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى، يېقىن ـ يىراقلارنى، دوست ـ بۇرادەرلەرنى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي تالانتلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ، غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشنىڭ كاپالىتىدۇر.

2. مەلۇمات ۋە تەتقىقات مەركەزلىرىنى قۇرۇش. ئاللاھنىڭ ياردىمىگە، غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى ۋە ئۆزگىلەرنى توغرا ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىشكە، بۇنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن مەلۇمات ۋە تەتقىقات مەركىزى قۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۆزىمىزگە، دوست ـ دۈشمەنلەرگە، قوشنا ئەللەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى توپلاپ تەتقىق قىلىش ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ، غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمات ۋە تەتقىقات مەركىزى مىللەتنىڭ پايدا ـ زىيانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئۇچۇرلارنى يىغىپ توپلاپ تەتقىق قىلىشى، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى رەھبەرلىك قاتلىمىغا دوكلات قىلىپ تۇرۇشى لازىم. تەتقىق قىلىش ئۆزىمىز ۋە ئۆزگىلەر ھەققىدە سوغۇققان ئويلىنىش، سېلىشتۇرۇش، تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىش، ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، ئۆزىمىزنى سالماق دەڭسەش قاتارلىقلارغا ئىگە قىلىدۇ.

3. قارىغۇلارچە ئەمەس، بەلكى پىلان بويىچە ئىش قىلىش. ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشى ئۈچۈن، ئىنچىكە تەرتىپ، دانا تەدبىر ۋە پۇختا پىلان بولۇش لازىم.

پىلان بىلەن ئىدارە قىلىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام مۇسۇلمانلارنى پىلان بىلەن ئىش قىلىشقا چاقىرغان ۋە ئۇنى ھايات نىزامى قىلىپ بېكىتكەن.

پىلاننىڭ ئۇسۇل ۋە قائىدىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئىسلام تەسەۋۋۇرىغا ئۇيغۇن تەتبىقلاش

ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ، غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىندۇر.

4. ئىقتىساد، تەشۋىقات ۋە بىخەتەرلىككە ئەھمىيەت بېرىش. ئىقتىساد ھاياتلىقنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى بولۇپ، ئۇنىڭسىز ھېچقانداق ئىش يۈرۈشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىسادقا قەتئىي سەل قارىماسلىق لازىم.

تەشۋىقاتنىڭ رولىغا سەل قاراشقىمۇ قەتئىي بولمايدۇ. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر تەشۋىقاتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. چۈنكى تەشۋىقاتنىڭ شەخس، ئائىلە، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە خەلقئاراغا زور تەسىرى بار.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردىكى يول بەلگىلىرىدىن تەشۋىقاتقا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ، غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشىنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بەزى ئىسلام تەشكىلاتلىرى گېزىت، ژۇرنال چىقىرىش؛ رادىئو، تېلېۋىزىيە قاناللىرىنى ئېچىش؛ يېڭى دەۋر ئۈچۈر ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە.

بىخەتەرلىككە ئەھمىيەت بېرىش ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا كۆرە يوشۇرۇن خىزمەت قىلىش، مەلۇمات توپلاش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ۋە رازۋېدكا ئەترىتى قۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ۋە نەتىجە قازانغان رەھبەرلەر بىخەتەرلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بۇ رەھبەرلەرنىڭ ئەقىللىق ۋە قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ھېسابلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدا بىخەتەرلىككە ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا نۇرغۇن كۆرسەتمىلەر بار.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنلەرنىڭ شەررىدىن ھىمايە قىلالايدىغان ئەڭ ئىلغار بىخەتەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى نامايان بولىدۇ. بىخەتەرلىك ئاپپاراتى مۇسۇلمانلار سېپىنى ھىمايە قىلىش، دۈشمەنلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كۈزىتىش خىزمەتلىرىنى قىلىدۇ. بۇ ئاپپاراتنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئاساس قىلىدىغان بولۇشى، بۇ ئورگاندا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئەخلاقى مۇسۇلمان بىخەتەرلىك خادىملىرىنىڭ سۈپەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلالىغۇدەك گۈزەل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

بىخەتەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى زامانىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن ھالدا

www.uyghurkitap.com

تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ، غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىندۇر.

## ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەنلەرنىڭ مۇھىم سۈپەتلىرى

ئۆلىمالار يەنە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن تارىختا ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى يەكۈنلىگەن بولۇپ، مۇھىملىرىنى راستچىل ۋە سەممىي بولۇش، سەۋرلىك ۋە چىداملىق بولۇش، ئاللاھ يولىدا دوست ۋە قېرىنداش بولۇش، مەسئۇلىيەتچان ۋە پائالىيەتچان بولۇش، ئەمەلىيەتچان ۋە تىرىشچان بولۇش، تەقۋادار بولۇش، كەمتەر بولۇش، ئۆز مەنپەئەتىدىن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىدىغان بولۇش، ھەقىقەت يولىدا كۈرەش قىلالايدىغان بولۇش، ئوتتۇراھال يول تۇتىدىغان بولۇش، ئىخلاسمەن بولۇش، ئىسلاھاتچى بولۇش، ئاخىرەتنى كۆزلەپ ئىش قىلىدىغان بولۇش، سېخى بولۇش، قانائەتچان بولۇش، جامائەتلىشىپ ئىش قىلىدىغان بولۇش، ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان بولۇش، ئىرادىسى كۈچلۈك بولۇش، ھىممىتى ئالىي بولۇش، ۋاپادار بولۇش، پىرىنسىپچان بولۇش، تەمكىن بولۇش، ئاللاھ ۋە روسۇلنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان بولۇش، مال ـ دۇنياغا بېرىلمەيدىغان بولۇش قاتارلىقلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بۇلار ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەنلەرنىڭ مۇھىم سۈپەتلىرى بولۇپ، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ساھىبلىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بەنى نەزىر، بەنى مۇستەلەق، بەنى قەينۇقا ۋە خەيبەر يەھۇدىيلىرىدىن ئازات قىلغان؛ بەدرى، ئەھزاب ۋە مەككە پەتھى كۈنلىرى بۇتپەرەسلىكنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىغان؛ يەرمۇك ۋە ھىتتىين غازاتلىرىدا يەھۇدى قىساسچىلىرىنىڭ بايراقلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان؛ قادىسىيە غازىتىدە مەجۇسىيلارنى يەر چىشلەتكەن.

ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىشىنىڭ شەرت، سەۋەبلىرىنى ۋە تارىختا ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى ھازىرلاشقا تىرىشۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا ئاللاھنىڭ بۇ مۇبارەك ئايىتىنى ئەسلىتىش بىلەن سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن. «سىلەر تېخى ئىلگىرىكىگە ئۇچرىغان كۆلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۇئمىنلەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۆلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر؛ ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟ دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر». [1]

[1] سۈرە بەقەرە ـ 214 ئايەت.




كۆنىمىزدە ئالىم تونىغا ئورۇنىۋالغان بەزى يامان غەرەزلىك كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسىنى سۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلامنىڭ دەسلىۋىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن قىممەتقاراشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تەنقىد قىلماقتا. ئەنە شۇ تەنقىد قىلىنىۋاتقان، ھەتتا يوق دەپ ئىنكار قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەردىن بىرى شاپائەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىدىغانلىقى ھېچقانداق شۈبھىگە يول قويمايدىغان شەكىلدە ئايەت ۋە سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن سابىت بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ كۈنىمىزگىچە كەلگەن بارلىق ھەقىقانىي مۇسۇلمانلار ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان، ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت ئارىسىدا ئىختىلاپ بولمىغان مۇھىم بىر مەسىلە. لېكىن شاپائەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار بىر تەرەپتىن «شاپائەت بار دېگەنلىك شاپائەت قىلغۇچىنى ئاللاھتىن چوڭ ۋە كۈچلۈك كۆرگەنلىك بولىدۇ. يەنى ئاللاھ دوزاخقا تاشلىغان كىشىنى پەيغەمبەر ۋە باشقىلار شاپائەت قىلىپ قۇتۇلدۇرىدىغان بولسا، شاپائەت قىلغۇچى ئاللاھتىن ئۈستۈن ۋە كۈچلۈك بولغان بولىدۇ» دەپ كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى بۇلغىسا، يەنە بىر تەرەپتىن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى پارچىلاپ ئۈزۈپ

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ، قۇرئان شاپائەتنى ئىنكار قىلىدۇدەپ، ئازدۇرماقتا. بۇ ئەھۋال بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ خېلى ئوقۇغان ياشلىرىغىمۇ يامان تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. بەزى ياشلار مۇشۇ ئازغۇن پىكىرنى توغرا دەپ قوبۇل قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ھەقىقەتنى ئېنىق بىر شەكىلدە چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم.

شاپائەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار مۇنداق دەيدۇ: ”شاپائەت ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىگە ۋە باشقا سەھىھ ھەدىسلەرگە زىت كېلىدۇ. يەنە شاپائەت ھەدىسلىرى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن قويغان ئۆلچەمگە زىت كېلىدۇ. چۈنكى قۇرئاندا جەننەتكە كىرىشنىڭ ئۆلچىمى سالىھ ئەمەلدۇر“. ئۇلار بۇ سەپسەتىلىرى بىلەن قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەتنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائەت ھەققىدە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلىرىگە تەنە قىلماقچى.

بىز ئۇلارنىڭ بىلىمى ئاز، ئاق كۆڭۈلسادىدا ياشلارنى ئالداپ يولدىن چىقىرىش ئۈچۈن كەلتۈرگەن سەپسەتىلىرىگە بىر ـ بىرلەپ رەددىيە بېرىش ئارقىلىق ھەقىقەتنى بۇلۇتسىز ئاسماندىكى قۇياشنىڭ نۇرىدەك ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرمەكچىمىز. شاپائەت ئىنكارچىلىرىنىڭ كەلتۈرگەن دەلىل ۋە سەپسەتىلىرىگە جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شېرىپلەردە شاپائەتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى، ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەتنىڭ شاپائەت ئەقىدىسىنى بايان قىلىپ ئۆتەيلى.

شاپائەت قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق بايان قىلىنغان، مۇسۇلمانلارنىڭ شاپائەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشى لازىم بولغان بىر مەسىلە. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە شاپائەتنىڭ بارلىقىنى ۋە ھەقلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «”لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ مَنْ ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلَّا بِإِذْنِهِ"ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ (مۈلكى) دۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن!»[①] «"لَا يَمْلِكُونَ الشَّفَاعَةَ إِلَّا مَنِ اتَّخَذَ عِنْدَ الرَّحْمَنِ عَهْدًا"مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ئېرىشكەنلەردىن باشقىلار شاپائەت قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ.»[②] «"يَوْمَئِذٍ لَا تَنْفَعُ الشَّفَاعَةُ إِلَّا مَنْ أَذِنَ لَهُ الرَّحْمَنُ وَرَضِيَ لَهُ قَوْلًا"بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئىزنى بەرگەن ۋە سۆزىدىن ئاللاھ رازى بولغان ئادەمنىڭ شاپائىتىدىن باشقا ھېچقانداق شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ»[③] «"وَلَا تَنْفَعُ الشَّفَاعَةُ عِنْدَهُ إِلَّا لِمَنْ أَذِنَ لَهُ حَتَّى إِذَا فُزِّعَ عَنْ قُلُوبِهِمْ قَالُوا مَاذَا قَالَ رَبُّكُمْ قَالُوا الْحَقَّ وَهُوَ الْعَلِيُّ الْكَبِيرُ"ئاللاھ ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت

---

①سۈرە بەقەرە: 255 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
②سۈرە مەريەم: 87 ـ ئايەت.
③سۈرە تاھا: 109 ـ ئايەت.

پايدا بەرمەيدۇ. شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ دىللىرىدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلار ئاندىن (بەزىسى بەزىسىگە): «پەرۋەردىگارىڭلار (شاپائەت توغرۇلۇق) نېمە دېدى؟» دەيدۇ. ئۇلار (جاۋابەن): «ھەقنى (دېدى) (يەنى مۇئمىنلەرگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى)» دەيدۇ. ئاللاھ يۈكسەكتۇر، كاتتىدۇر.»[①] «"يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَى وَهُمْ مِنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ"ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھ رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ.»[②]مانا بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى شاپائەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى شەك قىلغىلى بولمايدىغان شەكىلدە بايان قىلىدۇ.

گۇناھكار مۇئمىنلەرگە شاپائەت قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەر كۆپ بولۇپ، بەزى ئۆلىمالار شاپائەت ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى تەۋاتۇر دەرىجىسىگە يېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەدىسلەر سەھىھ بۇخارى، سەھىھ مۇسلىم ۋە باشقا ھەدىس مەنبەلىرىدە ساغلام سەنەدلەر بىلەن كەلگەن. «سەھىھەين»دە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شاپائەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر ئىجابەت دۇئاسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇ دۇئانى مۇشۇ دۇنيادا ئىشلەتتى. مەن دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمگە شاپائەت قىلىش ئۈچۈن ساقلىدىم. ئۇ دۇئا ئۈممىتىمدىن ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشكەي ئىنشائاللاھ.»[③] «سەھىھ بۇخارى»دا كەلگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىدىغان ئەڭ بەختلىك كىشى، چىن قەلبىدىن خالىس ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› دېگەن كىشىدۇر.»[④] يەنە ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان، قىيامەت كۈنىدىكى بۈيۈك شاپائەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۇزۇن ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر يەرگە توپلايدۇ، كېيىن ئىنسانلار: ‹رەببىمىزگە بىرىنى شاپائەتچى قىلساق، بىزنى بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزغان بولسا›

---

[①]سۈرە سەبەئ: 23 ـ ئايەت.

[②]سۈرە ئەنبىيا: 28 ـ ئايەت.

[③]سەھىھ بۇخارى، (فەتھۇلبارى شەرھى) دەئەۋات كىتابى، ″ھەممە پەيغەمبەرنىڭ ئىجابەت دۇئاسى بار″ بابى [99/11] 6304 ـ ھەدىس. سەھىھ مۇسلىم (نەۋەۋى شەرھى) ئىمان كىتابى، ″پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاسىنى ئۈممىتىگە ساقلىغان″ بابى، [696/2] 483 ـ ھەدىس.

[④]سەھىھ بۇخارى (فەتھۇلبارى شەرھى) ئىلىم كىتابى. 1 ـ توم، 233 ـ بەت، 99 ـ ھەدىس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دېيىشىدۇ...»[1] يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بىر قەۋم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن دوزاختىن چىقىپ، جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇلارنى ‹جەھەننەمىيلەر› دەپ ئاتايدۇ.»[2] يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ماڭا، مەندىن بۇرۇن ھېچكىمگە بېرىلمىگەن بەش نەرسە بېرىلدى... شاپائەت بېرىلدى.»[3] يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ شاپائىتىم، ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن چوڭ گۇناھ ئىشلىگەنلەر ئۈچۈندۇر.»[4] بۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ، پەرىشتەلەرنىڭ، سالىھ مۇئمىنلەرنىڭ، قۇرئاننىڭ ۋە روزىنىڭ شاپائەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن سەھىھ ھەدىسلەر بار. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، قىيامەت كۈنى گۇناھكار مۇئمىنلەرگە شاپائەت قىلىنىدىغانلىقى يۇقىرىدىكى ئايەتلەر ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە ئوچۇق بايان قىلىنغان. بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ ھەققەتنى ئىنكار قىلىشى قانداق ئەقىلگە سىغىدۇ؟! ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ «بار» دېگەن نەرسىنى بىز قانداقمۇ «يوق» دېيەلەيمىز؟!

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «قازى ئىياز رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دېگەن: ‹ئەھلى سۈننەتنىڭ مەزھەبى، شاپائەتنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن مۇمكىنلىكى، شەرئىي جەھەتتىن ۋاجىبلىقىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئوچۇق بىر شەكىلدە مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى راھمان تائالا رۇخسەت قىلغان ۋە سۆزىگە رازى بولغان كىشىدىن باشقىسىنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ.»[5] «ئاللاھ رازى بولغانلاردىن باشقىسىغا شاپائەت قىلالمايدۇ.»[6] شاپائەت ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر سەھىھلىقتا مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە ئۇلاشقان. سەلەف سالىھىن ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى شاپائەتنىڭ بارلىقىدا ئىجما قىلغاندۇر.»[7]

ئىمام ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىنى ئىسپاتلايدىغان ھەدىسلەر

[1] سەھىھ بۇخارى (فەتھۇلبارى شەرھى) رىقاق كىتابى، جەننەت ۋە جەھەننەمنىڭ سۈپەتلىرى بابى، 11 ـ توم، 425 ـ بەت، 6565 ـ ھەدىس. سەھىھ مۇسلىم (نەۋەۋى شەرھى)، ئىمان كىتابى، ئەڭ تۆۋەن مەرتىۋىدىكى جەننەت ئەھلى بابى، 2 ـ توم، 674 ـ بەت، 467 ـ ھەدىس.

[2] سەھىھ بۇخارى (فەتھۇلبارى شەرھى) رىقاق كىتابى، جەننەت ۋە جەھەننەمنىڭ سۈپەتلىرى بابى، 11 ـ توم، 425 ـ بەت، 6566 ـ ھەدىس.

[3] سەھىھ بۇخارى (فەتھۇلبارى شەرھى)، تەيەممۇم كىتابى، بىرىنچى باب، 1 ـ توم، 519 ـ بەت، 335 ـ ھەدىس.

[4] سۈننەنى ئەبى داۋۇد (ئەۋنۇلمەئبۇد شەرھى)، سۈننەت كىتابى، شاپائەت بابى، 7 ـ توم، 13 ـ 15 ـ بەتلەر، 4726 ـ ھەدىس. ئەلبانى "سۈننەنى ئەبى داۋۇدتىكى سەھىھ ۋە زەئىپ ھەدىسلەر" ناملىق ئەسىرىدە، سەھىھ دەپ باھالىغان.

[5] سۈرە تاھا: 109 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[6] سۈرە ئەنبىيا: 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[7] ئىمام نەۋەۋى: سەھىھ مۇسلىم شەرھى، بۇ كىتاب ئادىل ئابدۇل مەۋجۇد بىلەن ئەلى ئەۋەز تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ، 2001 ـ يىلى مەككە مۇكەررەمەدە نىزار مۇستەفا ئەل باز نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 2 ـ نەشر، 2 ـ توم، 666 ـ بەت.

مۇتەۋاتىر دەرىجىسىدەدۇر. «رەببىڭ سېنى ماقامى مەھمۇدقا ئېرىشتۈرىشىگەي»① دېگەن ئايەت بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى كۆپ سانلىق تەپسىر ئالىملىرى: «ماقامى مەھمۇد» دىن مەقسەد شاپائەت ماقامىدۇر، دېگەن. ۋاھىدى بۇ ھەقتە ئىجما بارلىقىنى نەقىل قىلغان. ئىمام تەبەرى: "ئەھلى تەپسىرنىڭ كۆپچىلىكى ماقامى مەھمۇد بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەھشەردە ھېساپ-كىتاب باشلىنىشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىدىغان ئورۇندۇر" دەپ قارايدۇ، دېگەن ۋە بۇ ھەقتە بىر نەچچە ھەدىس كەلتۈرگەن. ئۇ ھەدىسلەرنىڭ بەزىسى مەخسۇس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى ھەققىدە بولسا، بەزىسى ئومۇمي شاپائەت ھەققىدەدۇر."②

## ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەتنىڭ شاپائەت ھەققىدىكى ئەقىدىسى:

ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەتنىڭ ئەقىدىسى: مۇئمىنلاردىن چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر دوزاختا مەڭگۇ قالمايدۇ؛ ئۇلار دوزاختا گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىپ بولغاندىن كېيىن شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى بىلەن دوزاختىن چىقىپ جەننەتكە كىرىدۇ. ئىمام تاھاۋى مۇنداق دەيدۇ: "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلار مۇئمىن ھالىتىدە ئۆلسە، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلمىغان بولسىمۇ دوزاختا مەڭگۇ قالمايدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانى تونىغان ھالەتتە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارغان ئىكەن، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ: «ئاللاھ خالىغان كىشىنىڭ شېرىكتىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دېگەن ئايىتىنىڭ ھۆكمى بويىچە ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى ئاستىدا بولىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئۇلارنى كەچۈرىۋېتىدۇ، خالىسا گۇناھىغا چۇشلۇق جازالايدۇ. ئاندىن ئۇلارنى ئۆز رەھمىتى بىلەن ياكى شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى بىلەن دوزاختىن چىقىرىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئاللاھ تائالا ئۆزىنى تونۇپ ئىمان ئېيتقانلارغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. ئۇلارنى ئىككى دۇنيادا ئۆزىنى ئىنكار قىلىپ ھىدايەت تاپمىغان ۋە ئاللاھنىڭ ئېگىدارچىلىقىغا ئېرىشمىگەنلەر بىلەن ئوخشاش قىلمايدۇ.③

ئىمام نەۋەۋى: «ئۈممىتىمدىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلگەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھقا

①سۈرە ئىسرا: 79-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

②فەتھۇلبارى شەرھى سەھىھ بۇخارى، مۇھەببىددىن ۋە باشقىلار تەتقىق بىلەن رەييان نەشرىيات شىركىتى تەرىپىدىن 1987-يىلى نەشر قىلىنغان. 1-بېسىلىشى، 11-توم 434-بەت.

③ئەقىدە تاھاۋىيەنىڭ شەرھى، مۇئەللىپى: ئىبنى ئەبىلئىز ئەلھەنەفى، بېرۇت نەشرىياتى: 275-بەت.

www.uyghurkitap.com

شىرىك كەلتۈرمەي ئۆلگەن كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى قەتئىدۇر. لېكىن ئۇ چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلمىغان ۋە تۆۋھىددە مۇستەھكەم تۇرغان ھالەتتە ئۆلسە، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ. ئەگەر چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان ۋە تەۋھىددە مۇستەھكەم تۇرغان ھالەتتە ئۆلسە، ئۇ ئاللاھنىڭ خاھىشى ئاستىدا بولىدۇ. خالىسا ئۇنى كەچۈرۈم قىلىپ ئۇدۇل جەننەتكە كىرگۈزىدۇ؛ خالىسا ئۇنى گۇناھىغا چۇشلۇق ئازابلاپ، ئاندىن دوزاختىن چىقىرىپ مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزىدۇ."[1] ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ھەدىستە چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان مۇئمىنلارنىڭ دوزاختا مەڭگۇ قالمايدىغانلىقىغا، چوڭ گۇناھنىڭ ئىماننى يوق قىلىۋەتمەيدىغانلىقىغا ۋە تەۋھىد ئۇستىدە ئۆلمىگەنلەرنىڭ جەننەتكە كىرمەيدىغانلىقىغا دەلىل بار."[2] مانا بۇ ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەتنىڭ ئەقىدىسى ۋە چوڭ گۇناھ سادىر قىلىپ تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن مۇئمىنلار ھەققىدىكى ھۆكمى. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ مىقدارىچە بىر مۇددەت دوزاختا جازالىنىدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىمانى ۋە باشقا سالىھ ئەمەللىرى سەۋەبى بىلەن ئۇلارنى دوزاختىن چىقىرىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. بۇ ھۆكۈم ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە باشقا چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغانلارنى ئىچىگە ئالىدۇ.

## شاپائەت ئىنكارچىلىرىنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە:

1 ـ شاپائەت ئىنكارچىلىرى: «شاپائەت بار دېيىش شاپائەت قىلغۇچىنى ئاللاھتىن ئۈستۈن ۋە كۈچلۈك، دەپ بىلگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ بىراۋنى دوزاخقا ھۆكۈم قىلىدۇ، پەيغەمبەر كېلىپ ئۇنى شاپائەت قىلىپ قۇتقۇزىدۇ. دېمەك پەيغەمبەر ئاللاھتىن كۈچلۈك بولغان بولدى»[3] دەيدۇ. بۇ سۆز ھېچقانداق ۋەزنى يوق، كىشىلەرنى ئالداپ يولدىن چىقىرىش ئۈچۈن ئېيتىلغان سەپسەتىدۇر. چۈنكى شاپائەت قىلىش دېگەن، بىراۋنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى ئاللاھتىن تىلەش، دېگەن بولىدۇ. شاپائەت قىلغۇچى ئاللاھنىڭ رۇخسەت قىلىشى بىلەن شاپائەت قىلالايدۇ. ئەگەر پەيغەمبەر بىر قۇلنىڭ گۇناھىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى ئاللاھتىن تىلىسە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنىڭ تىلىگىنى قوبۇل قىلىپ، مەزكۇر بەندىنى ئەپۇ قىلسا، بۇ پەيغەمبەر ئاللاھتىن

[1] سەھىھ مۇسلىم شەرھى، نەۋەۋى. ئادىل ئابدۇل مەۋجۇد ۋە ئەلى مىئۋەز تەھقىق قىلغان، مەككە مۇكەررەمەدە نىزا مۇستەفا ئەلباز نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. 2 ـ نەشر، 2 ـ توم، 490 ـ بەت.

[2] فەتھۇلبارى شەرھى سەھىھ بۇخارى، مۇھىببىددىن خەتىب ۋە باشقىلار تەتقىق بىلەن رەييان نەشرىيات شىركىتى تەرىپىدىن قاھىرەدە 1987 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. 1 ـ بېسىلىشى، 3 ـ توم 133 ـ بەت.

[3] بۇ سۆزنى مەن يۇتۇبتا تۈرك دوكتۇر مەھمەت ئوقۇيانىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان.

ئۈستۈن بولغان بولامدۇ!؟ بۇنداق مەسىلىلەر كۈندىلىك ھاياتىمىزدىمۇ بار. مەسىلەن: بىر شىركەت ياكى بىر ئىدارە باشلىقى قول ئاستىدا ئىشلەيدىغانلاردىن بىرىنى بىر خاتالىقى ئۈچۈن جازالىماقچى بولسا، باشلىق بىلەن ئالاقىسى ياخشى بولغان ئىشچىلاردىن بىرى باشلىقنىڭ يېنىغا بېرىپ، جازالانماقچى بولغان كىشىنى كەچۈرۈم قىلىشنى سورىسا، باشلىق ئۇنىڭ سۆزى بىلەن جازالاشتىن ۋازكەچسە، كەچۈرۈم سورىغۇچى باشلىقتىن ئۈستۈن بولغان بولامدۇ!؟ ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى باشلىق خالىسا كەچۈرۈم سورىغۇچىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ خالىسا قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك قىيامەت كۈنى گۇناھكار بەندىلەرگە شاپائەت قىلغان پەيغەمبەرلەر، شېھىدلەر، پەرىشتىلەر ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ قۇللىرى ئاللاھ تائالا رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن شاپائەت قىلىدۇ، يەنى ئاللاھ تائالادىن گۇناھكار قۇللىرىنى ئەپۇ قىلىشنى سورايدۇ. رۇخسەت بەرمىسە شاپائەت قىلالمايدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، شاپائەت قىلغۇچى قانداق بولۇپ ئاللاھتىن ئۈستۈن ۋە كۈچلۈك بولغان بولىدۇ!؟ شاپائەت قىلىش دېگەن ئاللاھ تائالاغا قارشى چىقىپ ئۇنىڭ ھۆكمىنى يۈرگۈزگىلى قويماسلىق ئەمەسكى، ئاللاھتىن ئۈستۈن بولسۇن! شاپائەت قىلىش دېگەن، ئاللاھ تائالانىڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرى گۇناھكار قۇلنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ سۆيۈملۈك بەندىسىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مەزكۇر گۇناھكارنى ئەپۇ قىلسا، بۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، ئۇ ئاللاھنىڭ ئادالىتى.

2 ـ شاپائەت ئىنكارچىلىرى شاپائەتنىڭ يوقلۇقىغا دەلىل قىلىپ مۇنۇ ئايەتنى كەلتۈرىدۇ: «ئۇلارغا شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ.»[1] ھەقىقەتتە بۇ ئايەت شاپائەتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. زەررىچىلىك ئىلمى بار كىشى ئايەتتىكى«ئۇلارغا» دېگەن سۆزنىڭ بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدىكى ئايەتتە ئۆتكەن كىشىلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنداقتا ئالدىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇپ ئۇلارنىڭ كىملىكىنى تاپايلى:"كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ (38) إِلَّا أَصْحَابَ الْيَمِينِ (39) فِي جَنَّاتٍ يَتَسَاءَلُونَ (40) عَنِ الْمُجْرِمِينَ (41) مَا سَلَكَكُمْ فِي سَقَرَ (42) قَالُوا لَمْ نَكُ مِنَ الْمُصَلِّينَ (43) وَلَمْ نَكُ نُطْعِمُ الْمِسْكِينَ (44) وَكُنَّا نَخُوضُ مَعَ الْخَائِضِينَ (45) وَكُنَّا نُكَذِّبُ بِيَوْمِ الدِّينِ (46) حَتَّى أَتَانَا الْيَقِينُ (47) فَمَا تَنْفَعُهُمْ شَفَاعَةُ الشَّافِعِينَ"تەرجىمىسى: «ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر. پەقەت ئەسھابى يەمىن (يەنى سائادەتمەن مۆمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: «بىز ناماز ئوقۇمىدۇق. مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق. بىز بىھۇدە سۆز

[1] سۈرە مۇددەسسىر: 48 ـ ئايەت.

قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق. قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلاتتۇق، تاكى بىز ئۆلگۈچە (شۇنداق قىلدۇق). شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ.»[1] كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئايەتتە بايان قىلىنغان شاپائەت پايدا بەرمەيدىغانلار: 1 ـ ناماز ئوقۇمايدىغان، 2 ـ مىسكىنلەرگە تائام بەرمەيدىغان، 3 ـ بىھۇدە سۆز قىلىدىغان، 4 ـ قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلغان، 5 ـ ئۆلگىچە قىلمىشلىرىغا تەۋبە قىلمىغان كاپىرلاردۇر.

ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر سۈپەتلەردىكى كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى ھېچبىر شاپائەتچىنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ. چۈنكى، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كاپىر ھالەتتە بارغان كىشىنىڭ ئاقىۋىتى دوزاختا مەڭگۈ قېلىشتۇر.»[2]

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت گۇناھكار مۇئمىنلارغا شاپائەت قىلىنىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. چۈنكى ئەھلى تەۋھىد بولغانلار گۇناھلىرى سەۋەبى بىلەن ئازابلانسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تەۋھىدى ۋە شاپائەت سەۋەبى بىلەن مەرھەمەت قىلىپ دوزاختىن چىقىرىدۇ. كاپىرلار ئۈچۈن ھېچ شاپائەت قىلغۇچى بولمايدۇ.»[3]

بىز يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس پەقەت شاپائەت ئىنكارچىلىرى دەلىل قىلغان «ئۇلارغا شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ» دېگەن قىسمىنىلا دىققەت بىلەن ئوقۇساق، بۇ ئايەتنىڭ شاپائەتنىڭ يوقلۇقىغا ئەمەس، بەلكى شاپائەتنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئايەتتىكى «شاپائەت قىلغۇچىلار» سۆزى، قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ بارلىقىنى، ئاللاھ ئىزنى بەرگەن كىشىلەرگىلا شاپائەت قىلىدىغانلىقىنى، قىيامەت كۈنىگە ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ ھېچبىرى شاپائەت قىلالمايدىغانلىقىنى، شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ شاپائەتنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئوچۇق بىر شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ.

3 ـ شاپائەت ئىنكارچىلىرى دەلىل قىلغان يەنە بىر ئايەت: "مَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ حَمِيمٍ وَلَا شَفِيعٍ يُطَاعُ"«زالىملارغا يېقىن دوست ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ.»[4] ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتتىكى زالىملاردىن مەقسەت مۇشرىكلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا نە ياردەم قىلىدىغان بىر دوست، نە شاپائەت قىلىدىغان بىر شاپائەتچى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار

---

[1] سۈرە مۇددەسسىر: 38 ـ ئايەتتىن 48 ـ ئايەتكىچە.

[2] قۇرئان كەرىم تەپسىرى: ئىبنى كەسىر. بېيرۇت مەرىپەت نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى 4 ـ توم: 446 ۋە 447 ـ بەتلەر.

[3] الجامع لاحكام القرآن (قۇرئان ئەھكاملىرى تەپسىرى): قۇرتۇبى، بېيرۇت ئەرەب مىراسلىرىنى جانلاندۇرۇش نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشر: 88/19.

[4] سۈرە غافىر 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۈچۈن پۈتكۈل ياخشىلىق يوللىرى ئېتىلگەندۇر.»[①]

بۇ ئايەت قىيامەت كۈنى زالىملارغا شاپائەت قىلغۇچى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردىكى «زالىملار» سۆزى بىراۋغا زۇلۇم قىلغان ياكى بىرلىرىنىڭ ھەققىنى بەرمىگەنگە ئوخشاش زالىملارنى ئەمەس، ئىبنى كەسىر دېگەندەك مۇشرىكلارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان ۋە دوزاختا مەڭگۇ قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان زۇلۇم شېرىكتۇر. قۇرئان كەرىمدە «زۇلۇم» سۆزى شېرىك مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ״الَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يَلْبِسُوا إِيمَانَهُمْ بِظُلْمٍ أُولَئِكَ لَهُمُ الْأَمْنُ وَهُمْ مُهْتَدُونَ"«ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا زۇلۇمنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.»[②] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، ساھابىلار ناھايىتى ئالاقزادە بولۇپ: «يا رەسۇلەللاھ! قايسىمىز ئىمانىمىزغا زۇلۇمنى ئارىلاشتۇرمايمىز؟» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇ شېرىكتۇر. لۇقماننىڭ ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ دەپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: "وَإِذْ قَالَ لُقْمَانُ لِابْنِهِ وَهُوَ يَعِظُهُ يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ"«ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور زۇلۇمدۇر»[③] دېدى.»[④]

4- شاپائەت ئىنكارچىلىرى قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەتنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ خاھىشىچە ئىزاھلاپ، قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەت ۋە غايىسىنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتىدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنى شاپائەتنىڭ يوقلىقىغا يەنە مۇنۇ ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ: "قُلْ لِلَّهِ الشَّفَاعَةُ جَمِيعًا"«شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.»[⑤] بۇ ئايەت شاپائەتنىڭ ئاللاھقا خاس ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدىن باشقا شاپائەت قىلغۇچىنىڭ يوقلىقىغا دالالەت قىلىدۇ، دەيدۇ. بىزمۇ دەيمىزكى شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاس، شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئاللاھ ئىزنى بەرگەن كىشى يەنە ئاللاھ ئىزنى بەرگەن كىشىگە شاپائەت قىلىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئىزىن بەرگەنلەردىن باشقا ھېچكىمنىڭ شاپائەت قىلالمايدىغانلىقى ھەققىدىكى ئايەتلەرنى يۇقىرىدا ئوقۇپ ئۆتتۇق. شاپائەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدە دېگەنلىك، ئاللاھتىن باشقا شاپائەت قىلغۇچى يوق دېگەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق دېيىش قۇرئاندىكى كۆپلىگەن ئايەتكە زىت كېلىدۇ. شاپائەت

---

[①] قۇرئان كەرىم تەپسىرى: ئىبنى كەسىر، بېرۇت مەرىپەت نەشرىياتى، 1980-يىلى نەشرى 4-توم: 75-بەت.

[②] سۈرە ئەنئام: 82-ئايەت.

[③] سۈرە لوقمان: 13-ئايەت.

[④] سەھىھ بۇخارى (فەتھۇل بارى شەرھى) پەيغەمبەرلەر ھەدىسلىرى كىتابى، 6-توم، 537-بەت، 3428 ۋە 3429-ھەدىس.

[⑤] سۈرە زۇمەر: 44-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com

ئالlاھنىڭ ئىلكىدە دېگەنلىك، شاپائەت قىلغۇچىمۇ، شاپائەت قىلىنغۇچىمۇ ئاللاھنىڭ ئىزنىغا باغلىق. ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ھېچكىم ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ، دېگەن بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ ئايەت، بۇتلارنى «ئاللاھنىڭ نەزدىدىكى شاپائەتچىلىرىمىز» دەۋالغان مۇشرىكلارنىڭ دەۋاسىغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن كەلگەن. بۇ ئايەتنىڭ بېشىدىكى ئايەتنى قوشۇپ ئوقۇپ باقايلى: "أَمِ اتَّخَذُوا مِنْ دُونِ اللَّهِ شُفَعَاءَ قُلْ أَوَلَوْ كَانُوا لَا يَمْلِكُونَ شَيْئًا وَلَا يَعْقِلُونَ * قُلْ لِلَّهِ الشَّفَاعَةُ جَمِيعًا"«(ئۇلار پىكىر يۈرگۈزمىدى) بەلكى ئاللاھنى قويۇپ، (بۇتلاردىن) شاپائەتچىلەرنى تۇتتى. ئېيتقىنكى، «ئۇلار (يەنى شاپائەتچى قىلىنغان بۇتلار) ھېچ نەرسىگە قادىر بولالمايدىغان ۋە (ھېچ نەرسىنى) سەزمەيدىغان تۇرسىمۇ (ئۇلارنى شاپائەتچى تۇتامدۇ؟). شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.» دېمەك بۇ ئايەت مۇشرىكلارنىڭ ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان، ئۆزىگە چوقۇنغانلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىبادەتلىرىنى ھېس قىلمايدىغان بۇتلارنى ئاللاھنىڭ نەزرىدە بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلىرىمىز، دەۋالغان ئاساسسىز دەۋالىرىغا رەددىيە بېرىپ نازىل بولغان.

5- شاپائەت ئىنكارچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ باتىل قاراشلىرىغا قۇرئان كەرىمدىكى: "وَمَا هُمْ بِخَارِجِينَ مِنَ النَّارِ"«ئۇلار دوزاختىن چىقمايدۇ»[1] دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ، دوزاخقا كىرگەندىن كېيىن چىقىش يوق ئىكەن، شاپائەتمۇ يوق دېگەن بولىدۇ، دەيدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى پارچىلاپ بىر بۆلىكىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قاراشلىرىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئايەتنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلىغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز مۆتىۋەر تەپسىرلەرگە قارايدىغان بولساق، بۇ ئايەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرەلەيمىز. ئىمام قۇرتۇبى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:"وَمَا هُمْ بِخَارِجِينَ مِنَ النَّارِ"«ئۇلار دوزاختىن چىقمايدۇ.» بەزىلەر بۇ ئايەتنى دوزاخقا كىرگەندىن كېيىن ھېچكىمنىڭ چىقمايدىغانلىقىغا دەلىلدۇر، دەيدۇ. بۇ خاتا گەپ. چۈنكى بۇ ئايەت كاپىرلارنىڭ دوزاختا مەڭگۇ قالىدىغانلىقىغا ۋە ئۇ يەردىن چىقمايدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. ئەھلى سۈننەتنىڭ قارىشى مۇشۇدۇر. بۇنىڭ دەلىلى مۇنۇ ئايەتتۇر: "إِنَّ الَّذِينَ كَذَّبُوا بِآَيَاتِنَا وَاسْتَكْبَرُوا عَنْهَا لَا تُفَتَّحُ لَهُمْ أَبْوَابُ السَّمَاءِ وَلَا يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ حَتَّى يَلِجَ الْجَمَلُ فِي سَمِّ الْخِيَاطِ وَكَذَلِكَ نَجْزِي الْمُجْرِمِينَ"«شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى ۋە دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ)، تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكىچە ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ (يەنى ئۇلار ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ)، گۇناھكارلارغا

---

[1] سۈرە بەقەرە: 167 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇشۇنداق جازا بېرىمىز.»[1]

بۇ ئايەتنى كەرىمدىن مەلۇم بولىدۇكى، كاپىرلار قىيامەت كۈنى ئىككى قىسىم بولىدۇ: بىر قىسمى ئەگەشكۈچىلەر يەنە بىر قىسمى ئەگەشتۈرگۈچىلەر. ئىككىنچى قىسىم كاپىرلار ئازابنى كۆرگەندە بىرىنچى قىسىم كاپىرلاردىن يۈز ئۆرىدۇ. بىرىنچى قىسىم كاپىرلار ئەگەر دۇنياغا قايتىش مۇمكىن بولغان بولسا، ئىككىنچى قىسىم كاپىرلاردىن يۈز ئۆرىدىغانلىقنى ئېلان قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتتە يۈز ئۆرۈگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا قىلمىشلىرىنى مانا مۇشۇنداق ھەسرەتلىك كۆرسىتىدۇ. ئىنسان قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر مۇسىبەتكە يولۇققاندا ئاندىن قىلمىشلىرىغا ياكى قىلمىغانلىرىغا ھەسرەت چېكىدۇ. «ئۇلار دوزاختىن ھەگىز چىقمايدۇ» دېگەن ئايەت، ئۇلارنىڭ ھەسرەت چېكىشىنىڭ سەۋەبىنى، ئەمدى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشقا پۇشايمان قىلغاننىڭ پايدىسى يوقلىقنى؛ چۈنكى بۇ پۇشايماننىڭ ئۇلارنى دوزاختىن چىقىرالمايدىغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، بۇ ئايەت ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرنى ئىلاھ تۇتۇپ، ئۇنى خۇددى ئاللاھنى سۆيگەندەك سۆيگەن مۇشرىكلارغا خاس بولۇپ، مۇئمىنلارغا بېرىلىدىغان شاپائەتنى رەت قىلمايدۇ.

6- "وَمَا هُمْ بِخَارِجِينَ مِنْهَا وَلَهُمْ عَذَابٌ مُقِيمٌ"«ئۇلار دوزاختىن چىقمايدۇ، ئۇلارغا دائىملىق ئازاب باردۇر.»[2] شاپائەت ئىنكارچىلىرى بۇ ئايەتنى قىيامەت كۈنى شاپائەتنىڭ يوقلۇقىغا دەلىل قىلىپ، دوزاخقا كىرگەندىن كېيىن چىقىش بولمىغان ئىكەن شاپائەت بولمايدۇ، دەيدۇ. بۇنىڭغان ھەزرىتى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رەت قايتۇرغان: ئەمر ئىبنى دىنار مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ بىر قەۋمنى دوزاختىن چىقىرىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېگەن ئىدى. بىر ئادەم ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا: «ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولىدۇ، لېكىن ئۇلار مەڭگۈ ئۇنىڭدىن چىقالمايدۇ» دەيدۇ، دېدى. جابىر: ″سىلەر خاسنى ئام قىلىۋالىسىلەر، بۇ ئايەت كاپىرلارغا خاس، سەن بۇ ئايەتنى ئالدىدىكى ئايەت بىلەن قوشۇپ ئوقۇغىن″ دېدى، ئاندىن ئايەتنى ئوقۇدى: "**إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْ أَنَّ لَهُمْ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا وَمِثْلَهُ مَعَهُ لِيَفْتَدُوا بِهِ مِنْ عَذَابِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ مَا تُقُبِّلَ مِنْهُمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ * يُرِيدُونَ أَنْ يَخْرُجُوا مِنَ النَّارِ وَمَا هُمْ بِخَارِجِينَ مِنْهَا وَلَهُمْ عَذَابٌ مُقِيمٌ**"«ھەقىقەتەن كاپىرلار يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ بولسا، ئۇنىڭ بىر ئوخشىشى يەنە قوشۇپ بېرىلسە، قىيامەت كۈنى ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىنى پىدىيە قىلىپ بەرسە، ئۇ پىدىيە ئۇلاردىن قوبۇل قىلىنمايدۇ،

[1] سۈرە ئەئراف: 40 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە: 37 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب باردۇر. ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن چىقالمايدۇ، ئۇلارغا مۇقىم ئازاب باردۇر.» مانا بۇ ئايەت كاپىرلارغا خاستۇر.[1]

7 ـ "رَبَّنَا أَخْرِجْنَا مِنْهَا فَإِنْ عُدْنَا فَإِنَّا ظَالِمُونَ *قَالَ اخْسَئُوا فِيهَا وَلَا تُكَلِّمُونِ"«ئۇلار ‹پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم بولۇپ قالىمىز› دەيدۇ. ئاللاھ ئېيتىدۇ: ‹جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، ماڭا سۆز ئاچماڭلار›.»[2] شاپائەت ئىنكارچىلىرى بۇ ئايەتنى قىيامەت كۈنى شاپائەتنىڭ يوقلۇقىغا دەلىل قىلىدۇ. بۇ ئايەتمۇ كاپىرلار ھەققىدە كەلگەن ئايەت بولۇپ، ئايەتنى بېشىدىكى ئايەتلەر بىلەن قوشۇپ ئوقۇغىنىمىزدا بۇنى ئېنىق كۆرىمىز: "وَمَنْ خَفَّتْ مَوَازِينُهُ فَأُولَئِكَ الَّذِينَ خَسِرُوا أَنْفُسَهُمْ فِي جَهَنَّمَ خَالِدُونَ * تَلْفَحُ وُجُوهَهُمُ النَّارُ وَهُمْ فِيهَا كَالِحُونَ * أَلَمْ تَكُنْ آيَاتِي تُتْلَى عَلَيْكُمْ فَكُنْتُمْ بِهَا تُكَذِّبُونَ *قَالُوا رَبَّنَا غَلَبَتْ عَلَيْنَا شِقْوَتُنَا وَكُنَّا قَوْمًا ضَالِّينَ *رَبَّنَا أَخْرِجْنَا مِنْهَا فَإِنْ عُدْنَا فَإِنَّا ظَالِمُونَ *قَالَ اخْسَئُوا فِيهَا وَلَا تُكَلِّمُونِ"«تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۇ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەت چىراي) بولۇپ قالىدۇ. (ئۇلارغا) ‹سىلەرگە (دۇنيادا) مېنىڭ ئايەتلىرىم ئوقۇپ بېرىلگەن، سىلەر ئۇنى (شۇنچە روشەن تۇرۇقلۇق) ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار› دېيىلىدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: ‹پەرۋەردىگارىمىز! بەتبەختلىكىمىز ئۈستىمىزدىن غالىب كېلىپ گۇمراھ قەۋم بولۇپ قالغان ئىدۇق. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم بولۇپ قالىمىز›. ئاللاھ ئېيتىدۇ: ‹جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۈستۈڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار›.»[3] مانا كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى بۇ ئايەتلەر دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى يالغان دەپ ئىمان كەلتۈرمىگەن كاپىرلار ھەققىدە نازىل بولغان. كاپىرلارغا خاس بولغان ئازابنى قانداقمۇ مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارغا ئام قىلغىلى بولىدۇ؟!

8 ـ شاپائەت ئىنكارچىلىرى يەنە مۇنۇ ئايەتنى شاپائەتنىڭ يوقلۇقىغا دەلىل قىلىدۇ: "أَفَمَنْ حَقَّ عَلَيْهِ كَلِمَةُ الْعَذَابِ أَفَأَنْتَ تُنْقِذُ مَنْ فِي النَّارِ"«كىمگە ئازاب ۋەدىسى تېگىشلىك بولسا (ئۇ چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ)، سەن دوزاختىكى ئادەمنى قۇتقۇزالامسەن؟»[4] ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر

---

[1] ئىمام ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان، 526/16، 7483 ـ ھەدىس. شۇئەيب ئارناۋۇت: بۇ ئىمام مۇسلىمنىڭ شەرتىگە چۈشىدىغان ئىسنادى سەھىھ ھەدىستۇر، دېگەن.

[2] سۈرە مۆئمىنۇن: 107 ـ 108 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە مۆئمىنۇن: 102 ـ 108 ـ ئايەتلەر.

[4] سۈرە زۇمەر: 19 ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا بەك ھېرىس ئىدى. ئىمان ئېيتمىغانلار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەدبەخت بولىدىغانلىقى يېزىلىپ كەتكەن كىشىلەر ئىدى. بۇ ئايەت ئاشۇلار ھەققىدە نازىل بولغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس: ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتىن ئەبۇ لەھەب، ئۇنىڭ ئەۋلادى ۋە ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى مەقسەت قىلىدۇ، دېگەن.ئىمام فەررا مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! سەن ھەققىدە ئازاب سۆزى پۈتۈلۈپ كەتكەن كىشىنى قۇتقۇزالامسەن؟ دېگەن بولىدۇ.[1] ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: «ئاللاھ دوزاخ ئەھلى دەپ يېزىۋاتقانلارنى سەن ئازغۇنلۇقتىن ۋە ھالاكەتتىن قۇتقۇزالامسەن؟ يەنى ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھىدايەت قىلمىغاننى ھىدايەت قىلغۇچى يوقتۇر، ئاللاھ ھىدايەت قىلغاننى ئازدۇرغۇچى يوقتۇر» دەيدۇ."[2]

يۇقىرىدىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ سۆزىدىنمۇ مەلۇم بولىدۇكى، بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئىمان ئېيتماستىن ئۆلۈپ كەتكەن تۇغقانلىرى ھەققىدە چۈشكەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىپ قۇتۇلۇشىنى ئۈمىت قىلىپ ھەرقانچە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىشتىن مەنئى قىلىپ مۇنۇ ئايەت نازىل بولغان: «پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەنلەرنىڭ ئەڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولسىمۇ ئۇلارنىڭ دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكى ئېنىق بولغاندىن كېيىن مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىغا بولمايدۇ»[3] دېمەك، بۇ ئايەتمۇ ئىمانسىز ئۆلۈپ كەتكەن مۇشرىكلار ھەققىدە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھكار مۇئمىنلەرگە شاپائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەدىسلەرگە زىت كەلمەيدۇ.

**9 -** شاپائەت ئىنكارچىلىرىنىڭ شاپائەت ھەدىسى باشقا ھەدىسلەرگە زىت كېلىدۇ، دەپ مۇنۇ ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىدۇ: «گەپ توشۇغۇچى جەننەتكە كىرمەيدۇ.»[4]، «سىلە-رەھىمنى ئۈزگۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ.»[5] ۋە «قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ.»[6] دېگەندەك ھەدىسلەر مەزكۇر كىشىلەرنىڭ جەننەتكە

[1] الجامع لأحكام القرآن: للقرطبي، دار إحياء التراث العربي، بيروت: 1985/1405 (335/5)

[2] تفسير القرآن العظيم، بېيرۇت نەشرىياتى، 1980 بىرىنچى بېسىلىشى، 4-توم: 48 ۋە 49-بەتلەر.

[3] سۇرە تەۋبە: 113-ئايەت.

[4] سەھىھ بۇخارى (فەتھۇل بارى شەرھى) ئەدەب كىتابى،10-توم، 487-بەت، 6056-ھەدىس. سەھىھ مۇسلىم (نەۋەۋى شەرھى) 2-توم، 507-بەت، 285-ھەدىس.

[5] سەھىھ بۇخارى (فەتھۇل بارى شەرھى) 10-توم، 428-بەت، 5984-ھەدىس. سەھىھ مۇسلىم (نەۋەۋى شەرھى) 9-توم، 3686-بەت، 6400-ھەدىس.

[6] سەھىھ مۇسلىم (نەۋەۋى شەرھى) 2-توم، 483-بەت، 261-ھەدىس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىرمەيدىغانلىقنى بىلدۈرگەن تۇرسا، ئۇلارغا قانداق شاپائەت قىلىدۇ؟! بۇ ھەدىسلەر بىلەن «مېنىڭ شاپائىتىم ئۈممىتىدىن چوڭ گۇناھ ئىشلىگەنلەر ئۈچۈندۇر»① دېگەن ھەدىس بىر-بىرىگە زىت كېلىدۇ.

بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى يۇقىرىدىكى جەننەتكە كىرمەيدۇ دېگەن ھەدىسلەر شاپائەت ئىنكارچىلىرى چۈشىنىۋالغان مەنىدە ئەمەس. ئۆلىمالار بۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىس ۋە ئايەتلەرنى چۈشىنىشتە مۇنداق ئىككى ئۇسۇلنى بېكىتكەن:

بىرىنچىسى: جەننەتكە كىرمەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان ھەدىسلەردىكى چوڭ گۇناھلارنى ھالال سانىغۇچى دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچى كاپىردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ. بىز يۇقىرىدىن بېرى ئېيتىپ كەلدۇق، كاپىرغا شاپائەت يوق.

ئىككىنچىسى: يۇقىرىدىكى ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن گۇناھلارنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى ئۇدۇل جەننەتكە كىرەلمەسلىكتۇر؛ جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئۇنىڭغا كىرىشكە ھەقلىق بولغان مۆئمىنلەرگە ئېچىلغاندا، يۇقىرىدىكى كىشىلەر كىرەلمەيدۇ. ئۇلار كېچىكتۈرۈلىدۇ. كېيىن ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەپۇ قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ، ئەگەر ئەپۇ قىلماي جازالىسا، گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتقاندىن كېيىن دوزاختىن چىقىپ جەننەتكە كىرىدۇ.

ئۈچىنچى بىر سۆز: چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلار ھەققىدە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەردىكى ئاگاھلاندۇرۇشلار، ئاشۇ گۇناھنى ئىشلىگەنلەرنىڭ جازاسىدۇر. لېكىن ئاللاھ تائالا مۆئمىن ئۆلگەنلەرنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالمايدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن. شۇڭا ئۇلار ئۇدۇل جەننەتكە كىرمىسىمۇ، جازاسى تۈگىگەندىن كېيىن كىرىدۇ.② دېمەك، بۇ ھەدىسلەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق. ئاخىرەتكە مۆئمىن ھالىتىدە بارغانلارنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالمايدىغانلىقىغا مۇنۇ ئايەتلەر دالالەت قىلىدۇ: «بىز مۇسۇلمانلارنى جىنايەتچىلەرگە ئوخشاش قىلىمىزمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى، قانداق ھۆكۈم قىلىۋاتىسىلەر؟»③

ياخشىلىق قىلمىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى، بارلىقىغا چىن ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن، مۇشۇ ساغلام ئىمان بىلەن ياشاپ، شۇ ئىمانى بىلەن ئۆلگەن مۆئمىن قىيامەت كۈنى ئىمانىنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى مال-دۇنيا ۋە ئوغۇللار ئەسقاتمايدۇ. پەقەت ئاللاھ تائالاغا ساغلام قەلب بىلەن كەلگەن

---

① سۈنەنى ئەبى داۋۇد (شەرھى ئەۋنۇل مەبۇد) 51/13، 4726 - ھەدىس. ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

② ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ كىتابلىرىدا پەيغەمبەر سۈننىتى (السنة النبوية في كتابات أعداء الإسلام) دوكتور ئىماد سەييىد شىربىنى، يەقىن نەشرىياتى مىسىر. 2002 - يىلى بىرىنچى نەشرى. 2 - توم: 244 ۋە 245 - بەتلەر.

③ سۈرە قەلەم: 35 ۋە 36 - ئايەتلەر.

كىشى پايدا تاپىدۇ.»[1] ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەرىشتىلەر شاپائەت قىلدى، پەيغەمبەرلەر شاپائەت قىلدى، رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى ئاللاھلا قالدى...»[2] بۇ ھەدىس مۇنۇ ئايەتكە مۇۋاپىق كېلىدۇ: «ئاللاھ زەررىچىلىك زۇلۇم قىلمايدۇ، بىر ياخشىلىق بولسا، ئۇنى ئاللاھ ئۆز دەرگاھىدا كۆپەيتىپ بۈيۈك مۇكاپات بېرىدۇ.»[3] يەنى ئىمان بىلەن ئۆلگەن مۇئمىن دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىمانى زايى قىلىنغان، مۇئمىنگە زۇلۇم قىلىنغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا زۇلۇمنى ئۆزىگە ھارام قىلغان. بەندىنىڭ قىلچىلىك ئەمىلىنى ھەرگىز زايى قىلىۋەتمەيدۇ. بەلكى ئۇنى نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ مۇكاپات بېرىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن شاپائەت ھەدىسلىرىنىڭ نە قۇرئان كەرىم ۋە نە باشقا سەھىھ ھەدىسلەرگە زىت كەلمەيدىغانلىقى، شاپائەت ئىنكارچىلىرىنىڭ دېگىنىدەك ئەمەسلىكى ئاشكارا بولدى. گەپنىڭ خۇلاسىسى قىيامەت كۈنى شاپائەتكە نائىل بولۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىن ئىمان بىلەن كەتكەن بولۇش شەرت. ئىمانى بولمىغان كىشىگە قىيامەت كۈنى شاپائەتچى بولمايدۇ.

[1] سۈرە شۇئەرا: 88 ۋە 89-ئايەتلەر.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى (183).
[3] سۈرە نىسا: 40-ئايەت.

## شاپائەت قىلىدىغانلار كىملەر؟

يۇقىرىدا شاپائەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى دەلىللىرى بىلەن بايان قىلدۇق ۋە شاپائەت ئىنكارچىلىرىنىڭ سەپسەتىلىرىنى بىر-بىرلەپ دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن چىرىتتۇق. ئەمدى شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلايلى. قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىدىغانلار:

1- ئاللاھ تائالا ئۆزى. قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى شاپائەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئەمدى مېنىڭ شاپائىتىم قالدى، دەپ دوزاختا قېلىپ قالغان گۇناھكار مۇئمىنلەرنى دوزاختىن چىقىرىدىغانلىقى سەھىھ ھەدىستە بايان قىلىنغان.

2- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام. قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نەچچە شەكىلدە شاپائەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئىجابەت بىر دۇئاسى بولۇپ، پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۇ دۇئاسىنى مۇشۇ دۇنيادا قىلدى. مەن ئۇ دۇئايىمنى ئۈممىتىمگە قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىش ئۈچۈن ساقلىدىم. ئىنشائاللاھ ئۇ شاپائەت ئۈممىتىمدىن ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىدۇ.»[4]

3- شېھىدلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شېھىد ئائىلىسىدىن يەتمىش كىشىگە شاپائەت

[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى (189).

uyghurkitap.com

قىلىدۇ.»[1]

4 ـ پەيغەمبەرلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرگە رەھمىتى داۋام قىلىدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەرنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ شاپائىتى بىلەن دوزاختىن چىقىرىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ...»[2]

5 ـ مۇئمىنلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئەززەۋەجەللە قىيامەت كۈنى ‹پەرىشتىلەر شاپائەت قىلدى، پەيغەمبەرلەر شاپائەت قىلدى ۋە مۇئمىنلەر شاپائەت قىلدى، پەقەت ئەرھەمۇرراھىمىيننىڭ شاپائىتى قالدى› دەيدۇ...»[3]

6 ـ نارەسىدە ئۆلۈپ كەتكەن باللار ئاتا ـ ئانىسىغا شاپائەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەتنىڭ كۆللىرى باللار ئاتا ـ ئانىسىنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ جەننەتكە ئېلىپ كىرمىگۈچە قويۇپ بەرمەيدۇ.»[4]

7 ـ سىددىقلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاندىن سىددىقلارنى چاقىرىڭلار دېيىلىدۇ، سىددىقلار شاپائەت قىلىدۇ...»[5]

8 ـ پەرىشتىلەر. پەرىشتىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى مۇئمىنلارغا شاپائەت قىلىدىغانلىقى يۇقىرىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ شاپائىتى ھەققىدىكى ھەدىستە ئۆتتى. قۇرئان كەرىمدە پەرىشتىلەرنىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيدىغانلىقى ھەققىدە ئايەت بار: «ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر رەببىگە تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدە ئېيتىدۇ، رەببىگە ئىمان ئېيتىدۇ، مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ...»[6]

## شاپائەتكە ئېرىشىشنىڭ سەۋەبلىرى:

يۇقىرىدا شاپائەتنىڭ ھەق ۋە سابىت ئىكەنلىكىنى، شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى دەلىللىرى بىلەن بايان قىلدۇق. ئەمدى قانداق قىلغاندا شاپائەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ دېگەن مۇھىم سوئالغا جاۋاب بېرەيلى:

شاپائەتكە لايىق بولۇش ۋە شاپائەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار مۇنۇلار:

1 ـ ئىخلاس. يۇقىرىدا شاپائەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن دەلىل كەلتۈرۈلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن مەلۇم بولىدىكى قىيامەت كۈنى شېرىكتىن خالىي چىن ئىخلاسلىق مۇئمىندىن باشقا كىشىگە شاپائەت قىلىنمايدۇ. شاپائەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىن خالىس تەۋھىد ئەقىدىسى بىلەن كېتىش شەرت. شۇنىڭ ئۈچۈن

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.
[2] ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ھاكىم سەھىھ، دېگەن، زەھەبى بۇنىڭغا قوشۇلغان.
[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى (183).
[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى (2635).
[5] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، ئىسنادى سەھىھ.
[6] سۈرە غافىر: 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمانغا دەخلە يېتىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەردىن قاتتىق ھەزەر قىلىش، ھەر دائىم ئىماننى ساقلاشقا تىرىشىش ۋە ئاللاھ تائالادىن ئىمان بىلەن كېتىشنى تىلەپ دۇئا قىلىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىدىغان ئەڭ بەختلىك كىشى، چىن قەلبىدىن ئىخلاس بىلەن ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› دېگەن كىشىدۇر» دېگەن.[1]

2 ـ ئەزاننى ئاڭلىغاندا مۇئەززىننىڭ دېگىنىنى تەكرارلاش ۋە ئاخىرىدا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش: «‹**اللهم رب هذه الدعوة التامة، والصلاة القائمة آتي محمد الوسيلة والفضيلة، وابعثه مقاماً محموداً الذي وعدته**› ئى مۇشۇ مۇكەممەل دەۋەتنىڭ (ئەزاننىڭ) ۋە ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ رەببى ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئالى دەرىجە ۋە پەزىلەت ئاتا قىلغىن ۋە ئۇنى سەن ۋەدە قىلغان ماقامى مەھمۇدقا يەتكۈزگىن» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ دۇئانى ئوقۇغان كىشىگە قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىم ۋاجىب بولىدۇ» دېگەن.[2]

3 ـ قۇرئان كەرىمنى كۆپ ئوقۇش ۋە ئۇنى يادلاش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرئان ئوقۇڭلار! ھەقىقەتەن قۇرئان قىيامەت كۈنى ئۇنى ئوقىغانلارغا شاپائەت قىلىدۇ» دېگەن.[3]

4 ـ قۇرئان كەرىمنى كېچىدە، تەھەججۇد، تەراۋىھ نامازلىرىدا ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «روزا بىلەن قۇرئان قىيامەت كۈنى بەندىگە شاپائەت قىلىدۇ. روزا: ‹ئى رەببىم! مەن ئۇنى كۈندۈز يېمەك-ئىچمەك ۋە شەھۋەتتىن توستۇم، مېنى ئۇنىڭغا شاپائەتچى قىلغىن› دەيدۇ. قۇرئان: ‹ئى رەببىم! مەن ئۇنى كېچە ئۇخلاشتىن توستۇم، مېنى ئۇنىڭغا شاپائەتچى قىلغىن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى شاپائەت قىلىدۇ.»[4]

5 ـ سۈرە مۈلك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئاندا ئوتتۇز ئايەتلىك بىر سۈرە بار، ئۇنى ئوقۇغان كىشىنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنغۇچىلىك شاپائەت قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ‹تەبارەكەللەزى...› دۇر.»[5]

ئاخىرىدا شاپائەتنى سۈيىئىستېمال قىلغۇچىلار ھەققىدە بىر ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن سۆزىمىزنى ئاخىرلاشتۇرايلى. يۇقىرىدا شاپائەت ئىنكارچىلىرىغا رەددىيە بەردۇق، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە شاپائەت ھەققىدە رەددىيە بېرىشكە تېگىشلىك يەنە بىر گورۇھ بار. ئۇ بولسىمۇ شاپائەتنى سۈيىئىستېمال قىلىپ كىشىلەرنى ئالدايدىغان ئىشان تۈركچە

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى (99).

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى (4719).

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى (553).

[4] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

[5] ئىمام ئەبۇ داۋۇد (1400)، تىرمىزى (2891)، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېتىقاندا خوجا ئەفەندىلەردۇر. ئۇلار مۇرتلىرىنى قىيامەت كۈنى مەن سىلەرگە شاپائەت قىلىمەن، سىلەرنى تىلىۋالىمەن، دەپ ئالدايدۇ. ئۇلارغا قول بەرگەن مۇرىدلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇخلىسلىرى بولغان بىچارىلەر ئىشانىمىز، سۇلتانىمىز ۋە خوجىمىز بىزنى شاپائەت قىلىپ قۇتۇلدۇرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىپ، شاپائەتنى ئۇلاردىن تىلەيدۇ ۋە قۇتۇلۇشنىڭ گارانتىسى دەپ ئىشىنىدۇ. بۇ ئىنسانىي شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان خەتەرلىك ئەھۋال. بۇ خەتەردىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن يۇقىرىدىكى بايانلاردىن خۇلاسىلانغان تۆۋەندە بىر نەچچە ھەقىقەتنى بىلىش ۋە ئەقىدىمىزنى ئاشۇ ئاساس ئۈستىگە قۇرۇشىمىز لازىم:

1 ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنىسىز شاپائەت يوق. شاپائەت قىلغۇچىمۇ، شاپائەت قىلىنغۇچىمۇ ئاللاھنىڭ ئىزنىغا باغلىق. شاپائەت قىلىنغۇچىلار ئاخىرەتكە ئىمان بىلەن بارغانلاردۇر. پەيغەمبەرلەر ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە جەننەتكە كىرىشى خەۋەر بېرىلگەنلەردىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئىمان بىلەن كېتىش كاپالىتى يوق.

2 ـ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ماشايىخلار، ئىشانىم ـ سۇلتانىملار، خوجا ئەفەندىلەر ۋە ئەۋلىيائۇللاھلار قىيامەت كۈنى كىشىلەرگە شاپائەت قىلىش ئەمەس ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش كاپالىتىگە ئىگە ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىپ جەننەتلىك بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشىمىز لازىم.

مانا مۇشۇ ھەقىقەتلەرگە ئاساسەن، شاپائەتنى ئاللاھ تائالادىن تىلەش لازىم. يەنى «ئى ئاللاھ! مېنى رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشتۈرگىن، ياكى مېنى شاپائەت قىلىنىشىغا رازى بولغان بەندىلىرىڭدىن قىلغىن. سالىھ قۇللىرىڭنى ماڭا شاپائەتچى قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىش لازىم. «پالانى غوجام ماڭا شاپائەت قىلسىلا» دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ غوجامنىڭ شاپائەت ئىزنى بېرىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى نامەلۇم ۋە شاپائەت ئىزنى بېرىلگەن تەقدىردىمۇ كىمگە شاپائەت قىلىدىغانلىقى نامەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن شاپائەتنى پەقەت ئاللاھ تائالادىن تىلىسەك، ئاللاھ تائالا شاپائەتكە لايىق زاتلارنىڭ شاپائىتىگە بىزنى ئېرىشتۈرسە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ شاپائىتى بىزگە پايدا قىلىدۇ.

ئى ئۇلۇغ رەببىمىز! بىزگە ھەقنى ھەق كۆرسىتىپ ئۇ يولدا مېڭىشنى نېسىپ قىلغىن. بىزگە باتىلنى باتىل كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشقا مۇۋەپپىق قىلغىن. ئى رەببىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن ئازدۇرىۋەتمىگىن. بىزنى بۇ دۇنيادا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا مېڭىپ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مۇبارەك قولى بىلەن ھەۋزى كەۋسەرنىڭ سۈيىدىن ئىچىشنى، ئۇنىڭ شاپائىتىگە ئېرىششنى

بىــــزگە نىســـــپ قىلغىـــــن ۋە جەننەتــــتە
ئۇنىڭغا قوشنا قىلغىن. ئامىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# دەۋەتچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر

دوكتۇر ئائىزىل قەرنى
تەرجىمە قىلغۇچى: بابۇر ھېبىت

دەۋەت ماھىر بىناكارنىڭ بىناكارلىقى، ئۇستا ھۈنەرۋەننىڭ ھۈنىرىگە ئوخشاش سەممىي دەۋەتچىلەر كۆڭۈلدىكىدەك قىلالايدىغان بىر كەسىپ. دەۋەتچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىرى بولغاچقا،بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىنسانلارنى تەلەپكە لايىق دەۋەت قىلىش ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.دەۋەتچىلەر كەسىپنى، كەسىپنىڭ شەرتلىرىنى، ئۇسلۇبلىرىنى ۋە نەتىجىسىنى تەتقىق قىلىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئۈستىگە ئارتىلغان ۋەزىپىدە ئاللاھتىن قورقۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى، ئۈستىگە مەسئۇلىيەت ئارتىلغان ئامانەتدارلاردۇر.شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، دەۋەتچىلەر ئۆتكۈزگەن ھەر قانداق بىر خاتالىق ئۈممەتكە چوقۇم تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلار كېمىنىڭ كاپىتانى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن خاتالىق ياكى مەغلۇبىيەتلىرىدىن بىرىنچى بولۇپ سوراققا تارتىلىدۇ. چۈنكى كاپىتان كېمىنى قورۇقلۇققا ھەيدىسە كېمىدىكىلەر ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.دەۋەتچىلەر ۋەزىپىسىنى ئاللاھ ئىرادە قىلغىنىدەك ئادا قىلىدىغان ھىدايەت ئەلچىلىرى، ھەقىقەت ۋە ياخشىلىق مەشئەللىرى بولۇشى ئۈچۈن ئۇلاردا بىر قانچە سۈپەتلەر تېپىلىشى كېرەك.

1. ئىخلاسمەن بولۇش كېرەك.

ئىشنى ئىخلاس بىلەن قىلىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاساسى. شۇڭا دەۋەتچىلەر ئىخلاسمەن بولۇشى، دەۋىتىدە پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىشى، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مال - ماتالىرىغا بېرىلمەسلىكى كېرەك. ئۇلار ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە بىر دەۋەتچىنىڭ تىلىغا ئاساسەن: «مەن (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى) يەتكۈزگەنلىكىمگە سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن»[①]

ئېيتقىنىكى، «سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلغىنىم يوق، ئۇ سىلەرگە بولسۇن»[②] دېگىنىدەك بولۇشى كېرەك. دەۋەتچى مەنسەپ، مەرتىۋە ۋە نام - شۆھرەت تەلەپ قىلماستىن بىر ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىشى كېرەك.

بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەيدۇ:

كەتسىمۇ مال - دۇنيا مەندىن بىساناق،
بولسا گەر بۇ قەلبىم تەمەدىن يىراق،
سانايمەن ئۆزۈمنى ھەممىدىن زەردار،
قالسامۇ دۇنيادا ئىنساندىن ئۇزاق.

2. نىشان بەلگىلەش كېرەك.

دەۋەتچىنىڭ نىشانى دىننى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، يەر يۈزىدە ئادالەتنى ھۆكۈمران قىلىش ۋە

① «فۇرقان» سۈرىسى 57 ـ بەت.
② «فۇرقان» سۈرىسى 57 ـ بەت.

بۇزغۇنچىلىقنى تۈگىتىش بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن».[③]

3. مۇجاھىدلاردەك بولۇش كېرەك.

دەۋەتچى ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغان مۇجاھىدقا ئوخشايدۇ، مۇجاھىد چېگرادا تۇرغىنىدەك دەۋەتچىمۇ چېگرادا تۇرىدۇ، مۇجاھىد ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغىنىدەك دەۋەتچىمۇ ھەرخىل شۈبھى ۋە شەھۋەتنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن، ئەۋلاتلارنى ئازدۇرغان، ئۈممەتنى چۈشكۈنلەشتۈرگەن كىشىلەر ۋە رەزىل ئادەملەر بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شەھۋەتلەرگە ئەگىشىدىغانلار (يەنى شەيتانغا ئەگىشىدىغان فاجىرلار) توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى (شۇلارغا ئوخشاش فاجىر بولۇشۇڭلارنى) خالايدۇ».[④]

دەۋەتچى مۇجاھىدلاردەك دۈشمەن ئالدىدا چىداملىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى چېپىشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا

③ «ھۇد» سۈرىسى، 88 ـ ئايەت.
④ «نىسا» سۈرىسى، 27 ـ ئايەت.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ) ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر) ئىش مانا مۇشۇنداقتۇر».[①]

4. مەنپەئەتلىك ئىلىم ئۆگىنىشى كېرەك.

دەۋەتچى كىشىلەرنى تەۋھىدكە چاقىرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مىراس قالغان مەنپەئەتلىك ئىلىملەرنىئۆگىنىشى كېرەك.چۈنكى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىللەرگە ئاساسلىنىمىز، ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن».[②]

ئەللامە مۇجاھىد ئايەتتىكى «البصيرة» سۆزىنى «ئىلىم» دەپ تەپسىر قىلغان. بىر قىسىم ئالىملار: «ھېكمەت» دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بىر قىسىم ئالىملار «تەۋھىد» دەپ تەپسىر قىلغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۈچ مەنە بىر ـ بىرىگە يېقىن. دەۋەتچى بىر ئاللاھقىلا چاقىرغۇچى بولۇشى، پەقەت ئاللاھتىنلا قورقۇشى، ئاللاھتىنلا ئۈمىدۋار بولۇشى، ئۇنىڭغا ھېچبىر نەرسە ئاللاھتىن سۆيۈملۈك بولماسلىقى كېرەك.دەۋەتچى ئىنسانلارنى تەۋھىدكە چاقىرىش ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىلىم ساھىبى بولۇشى، «قۇرئان»نىڭ ھەممىنى ياكى مەلۇم بىر قىسمىنى يادلىغان بولۇشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈپ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىرىنى ئايرىيالايدىغان بولۇشى، ئۇنىڭ ئىلمى سەۋەبلىك ئىنسانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلمىگە ئىشەنچ قىلىشى كېرەك. دەۋەتچى باشقىلارنىڭپىكىرلىرىنى ھۆرمەتلىشى، يېنىغا كەلگەن ئىنسانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشى كېرەك. كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىچە، دەۋەتچىلەر ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن، مەنپەئەتلىك ئىلىم، يېڭى قۇرۇلما ھازىرلىشى كېرەك.ئۇنىڭدىن باشقا دەۋەتچى ھەر قانداق ۋاقىتتا ۋاقىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ھېرىسمەن بولۇشى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلىشى، چوڭلارنى ھۆرمەتلىشى، ئىلىملىك ۋە تەجرىبىلىككىشىلەردىن پايدىلىنىشنى بىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغان چاغدا ئاللاھ ئۇنىڭ يولىنى توغرىلاپ بېرىدۇ، سۆزىنى مەنپەئەتلىك ، دەلىلىنى كۈچلۈك قىلىدۇ.

5. خىيالىي دۇنيادا ياشىماسلىقى

---

[①] «مۇھەممەد» سۈرىسى، 4 ـ ئايەت.
[②] «يۈسۈپ» سۈرىسى، 108 ـ ئايەت.

كېرەك.

دەۋەتچى خىيالىي دۇنيادا ياشىماسلىقى، ئۆزىنىڭمۇ، باشقىلارنىڭمۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قېلىشتىنمۇستەسنا ئەمەسلىكىنى بىلىشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچ ئادەم ئەبەدىي پاك بولماس ئىدى ۋە لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ».①

مۇكەممەللىك بىر ئاللاھقا خاس، نۇقسانلىق ئۆتكۈزۈش ئىنساننىڭ سۈپىتى. ئىنسان خاتالىق سادىر قىلغۇچى قىلىپ يارىتىلغان ئىكەن، دەۋەتچى ئەر ۋە ئايال، چوڭ-كىچىك ھەر قانداق كىشىگە بۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەغپىرىتى كەڭدۇر، ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان چاغدىكى (ۋاقىتلاردىن تارتىپ ئاناڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى بالا) ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ ئوبدان بىلىدۇ»②

ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىكى تۇپراقتىن ياراتقان چاغدىلا سىلەر نۇقسانلىقتىن خالىي ئەمەس ئىدىڭلار. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ دېگەن شەكىلدە مۇئامىلە قىلغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنى كۆرسە ئۇنىڭغا يارىدەملىشىپ، ئۇنى خاتالىق سادىر قىلماسلىققا ئىلھاملاندۇرغان ۋە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ھەقىقەت يولىغا يېتەكلىگەن. خىيالىي دۇنيادا ياشايدىغان دەۋەتچى ئىنسانلارنى دەۋەت قىلىشقا ماس كەلمەيدۇ، ئىنسانلارنى پەرىشتە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. بولۇپمۇ نە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، نە ساھابىلەر يوق، ئەھلى ئىلىملەر ناھايىتى ئاز، شۈبھىلەر كۆپ بولىۋاتقان، ھەر جايدا بىدئەتلەر يامراپ، بىزنى شۈبھىلەرگە غەرق قىلىۋەتكەن، پەردە كەينىدە يەھۇدىي قىساسچىلىرى بولغان خەلقئارالىق سورۇنلاردا تەتقىق قىلىنغان خىلمۇخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ھىجرىيە 15-(مىلادىيە 21-) ئەسىردە تېخىمۇ شۇنداق. ئالىم ۋە دەۋەتچى ئىنسانلارغا ئىنسانچە مۇئامىلە قىلىشى، ئىنساننىڭ (ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن) بەزىدە توغرا يولدىن چەتنەپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىشى ۋە خىيالىي دۇنيادا ياشىماسلىقى كېرەك.

6. ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماسلىق كېرەك.

دەۋەتچى ياشلار مەلۇم بىر خاتا ئىش قىلىپ، گۇناھ-مەئسىيەتكە چۈشۈپ قالغان چاغدا ئۇلارغا غەزەپلەنمەسلىكى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ساھابىلەر ئارىسىدىن 50 قېتىمدىن كۆپرەك ھاراق ئىچكەن بىر ئادەم كەلتۈرۈلگەن. بۇ ۋەقەلىك سەھىھ ھەدىس

① «نۇر» سۈرىسى، 21 - ئايەت.
② «نەجم» سۈرىسى، 32 - ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. ئۇ ھەد ئىجرا قىلىنىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈلگەن چاغدا، بىر قىسىم ساھابىلەر: «ئاللاھ ئۇنى خار قىلسۇن، (ئىجرا قىلىنىش ئۈچۈن) نېمانداق جىق كەلتۈرۈلۈۋېرىدۇ بۇ!» دېيىشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى توغرا تاپماي ئۇ ئادەمگە: «بۇنداق دېمە، قېرىندىشىڭغا قارشى شەيتانغا ياردەم بەرمە.ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ پەقەت ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن» دېگەن.[1]

نېمە دېگەن گۈزەل ھېكمەت ـ ھە! نېمە دېگەن گۈزەل كۆرسەتمە ـ ھە!شۇڭا، بىز داۋاملىق دەيمىزكى، «كىشىلەر قانچىلىك گۇناھ ياكى خاتالىق ئۆتكۈزسە، سەن ئۇلاردىن ئۈمىدسىزلەنمە، ئۇلارنى بۇ ئۈممەتنىڭ ئۈمىدى، بىر كۈنلەردە ئۇلارغا تەۋبە ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، مەن ئۇلارنى تەۋبە قىلغان سەممىي ۋە راستچىل ھالەتتە كۆرەلەيمەن، دەپ قارىغىن».

دەۋەتچى كىشىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانلىقىدىن ئۈمىدسىزلەنمەستىن بەلكى سەۋر قىلىشى، ئاللاھتىن سەجدە قىلغان ھالەتلىرىدە ئۇلارغا ھىدايەت تىلىشى ۋە ئالدىراپ ئەيىبلىمەسلىكى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە 13 يىل كىشىلەرنى «ئاللاھتىن

[1] «صحيح البخاري» 8 ـ تۇم، 158 ـ بەت، 6780 ـ ھەدىس.

باشقا ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىگە چاقىرغان ئىدى، ناھايىتى كۆپ ئەزىيەتكە، تىل ـ دەشنامغا ئۇچرىغان بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمىگەن ئىدى. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتە دەۋەتچى يولۇققان قىيىنچىلىق بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولۇققان قىيىنچىلىقنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەۋر قىلغان، غەزەپلىنىپ كەتمىگەن. ئاخىرىدا ئۇنىڭ يېنىغا تاغقا مۇئەككەل پەرىشتا كېلىپ: «ئى مۇھەممەد! ئاللاھ ھەققەتەن قەۋمىڭنىڭ ساڭا دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدى، مەن تاغقا مۇئەككەل پەرىشتە، ئاللاھ مېنى خالىغان ئىشقا بۇيرۇشۇڭ ئۈچۈن سېنىڭ يېنىڭغا ئەۋەتتى، ئەگەر خالىساڭ ئەبۇ قۇبەيس تېغى بىلەن ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تاغنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرىۋېتەي!» دېگەن.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ياق، مەن ئاللاھنىڭ ئۇلاردىن بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان، ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان ئەۋلاتلارنى چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن.[2] ئاللاھ كاپىرلارنىڭ نەسلىدىن قوماندانلارنى چىقارغان. مەسىلەن: خالىد ئىبنى ۋەلىد بولسا ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ نەسلىدىن، ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل بولسا ئەبۇ جەھلىنىڭ نەسلىدىن. بۇ نېمە دېگەن گۈزەل يول ـ ھە!

[2] «صحيح البخاري» 4 ـ تۇم، 115 ـ بەت، 3231 ـ ھەدىس.

دەۋەتچىنىڭ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى، ئاسىي گۇناھكار ئادەمنىڭ مەسجىد ئىمامى، ياكى خەتىب، ياكى ئالىمغا ئۆزگۆرۈپمۇ قالىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم.كىممۇ ھەر دائىم ياخشىلىق قىلماي پەقەت يامانلىقلا قىلسۇن؟! كىممۇ ھەر دائىم يامانلىقلا قىلىپ پەقەت ياخشىلىق قىلمىسۇن؟!

بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەيدۇ:

كىممۇ باردۇرھاياتتىا ئەيىبى يوق نۇقسانسىز،
ھەر ئىنساندا تېپىلار ئەيىب دىگەن ساناقسىز.
گەر ئىزدىسەڭ ئېۋەنسىز پەرىشتىدەك پاك ئىنسان،
ئاڭلا دوستۇم دۇنيادا گۈلمۇ يوقتۇر تىكەنسىز.

ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمە! ئاللاھنىڭ رەھمىتى ناھايىتى كەڭرىدۇر، ئاللاھ ناھايىتى مېھرىبان ۋە كۆيۈمچاندۇر، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىسى قۇدسىيدا ئاللاھ دەيدۇكى، «ئى ئادەم بالىسى! سەن پەقەت ئۈمىدۋار بولۇپ، ماڭا دۇئا قىلىپ تۇرساڭلا مەن سېنىمەغپىرەت قىلىمەن، ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلمايمەن. ئى ئادەم بالىسى! ئەگەر سېنىڭ ئاسمانغا تاقاشقۇدەك گۇناھىڭ بار بولۇپ، ئاندىن سەن مەندىن مەغپىرەت سورىساڭ، مەن سېنىڭ گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلىمەن، ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلمايمەن. ئى ئادەم بالىسى! ئەگەر سەن مېنىڭ دەرگاھىمغا زېمىن توشقۇدەك خاتالىقلىرىڭ بىلەن كەلسەڭ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن بولساڭ، مەن سېنىڭ گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلىمەن».①

دەۋەتچى جامائەت گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلاردىن ئۈمىدسىزلەنمەستىن، بەلكى چوڭ-كىچىك، ياخشى-يامان، تەقۋا-پاسىق ھەممە ئادەمگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ئاسىي ئادەمنىڭ بىر كۈنلەردە دەۋەتچى، يەنە بىر كۈنلەردە ئاللاھنىڭ ۋەلىيلىرى بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. ئى دەۋەت ساھىبى! ئۈمىدسىزلەنمە، سەن ئىشلارنى تەدرىجى قىلغىن، ئاسىي ئادەم بىلەنلاقالما، مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپمۇ قويما، قولىدىن تۇتۇپ توغرا يولغا بىر-بىرلەپ يېتەكلىگىن.

سەقىف ئۆمىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلدى، ئاندىن ئۇلار: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇرسەن، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز. ئەمما، ناماز ئوقۇمايمىز، زاكات بەرمەيمىز، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلمايمىز» دېدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامازغا كەلسەك، ناماز يوق دىندا ياخشىلىق

① «سنن الترمذي» 5-توم، 440-بەت، 3540-ھەدىس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يوق» دەپ، ئارقىدىن:«ئەمما سەدىقە ۋە جىھادقا كەلسەك،ئۇلار ئۇزاققا قالماي سەدىقە بېرىدۇ، مۇسۇلمان بولغان چاغدا جىھاد قىلىدۇ» دېدى.[1]

ئاندىن ئۇلار مۇسۇلمان بولدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە ئىمان كىرگۈزدى، ئاندىن ئۇلار نامازمۇ ئوقۇدى، زاكاتمۇ بەردى، جىھادمۇ قىلدى.بەزىلىرى دىجلە، فۇرات دەريالىرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە يەنى ماۋەرائۇننەھرىدە ئاللاھ يولىدا قەتلى قىلىندى، بەزىسى قەندىھاردا قەتلى قىلىندى. ئىنسان كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالمىسۇن. شۇنى بىلىش كېرەككى، بىر چاغلار كەلگەندە ئۇلارمۇ ھىدايەت تاپىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ يولىغا قايتىدۇ.ھاراقكەشنىڭ ئاللاھقا تەۋبە قىلىشىدىن ئۈمىدسىزلەنمە، ئوغرى، زىناخور، قاتىل قاتارلىقلارنىڭ تەۋبە قىلىشىدىن ئۈمىدسىزلەنمە، بەلكى ئۇلارغا ھىدايەتنى گۈزەل شەكىلدە كۆرسەتكىن، ئۇلارغا: «پەرۋەردىگارىمىز مېھرىباندۇر » دېگىن. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ سالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ».[2]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھۆكۈم چىقىرىشقا ئەڭ لايىق ئادەم كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرمەيدىغان، گۇناھ ـ مەئسىيەتكە چۆشۈرۈپ قويمايدىغان ئادەمدۇر».[3]

دەۋەتچىنىڭ يەنە بىر سۈپىتى شۇكى، كىشىلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىگە سەل قارىماستىن، ئۇلارنى بىر ئاللاھتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. دەۋەت جەريانىدا ئاللاھتىن قورقۇش بىلەن ئاللاھتىن ئۈمىدۋار بولۇش ئارىسىدا يول تۇتىدۇ. بىر قىسىم دەۋەتچىلەر كىشىلەر ئۆتكۈزگەن گۇناھ ـ مەئسىيەتكە سەل قارايدۇ، ھەر قانچە چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزسىمۇ: «كىچىك ئىش» دەيدۇ، ھەر قانچە چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزسىمۇ: «ئاددى ئىش» دەيدۇ.بۇنداق دەۋەتچىلەر بەلگىلىمىلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان چاغدا غەزەپلىنىدىغان بىر پەرۋەردىگارنىڭ بارلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئەرشنىڭ ئۈستىدىكى بۈيۈك سەلتەنەت ئىگىسىنىڭ ھارام قىلغان ئىشلارنىڭ دەپسەندە بولۇشىغا رازى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ سەھىھ ھەدىستە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر سەئدنىڭ كۈندەشلىكىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟

---

[1] « البداية والنهاية » 5 ـ توم، 36 ـ بەت.

[2] «ئال ئىمران» سۈرىسى، 135 ـ ئايەت.

[3] شەيخ ئائىز ئەلقەرنىنىڭ « 30 وقفة فى فن الدعوة » ناملىق رىسالىسىدىن.

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھەقىقەتەن سەئدتىنمۇ كۆپ كۈندەشلىك قىلىمەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن مەندىنمۇ ئۈتە كۈندەشلىك قىلغۇچىدۇر».[①]

سەھىھ ھەدىستە «غىيۇر» دېگەن سۈپەت ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى قاتارىدا تىغا ئېلىنغان بولۇپ، ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلىنىشچە: «ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈندەشلىك قىلغۇچىدۇر، ئاللاھنىڭ مۆمىن قۇلىنىڭ زىنا قىلىشىدىن كۈندەشلىك قىلىشى، مۆمىن دېدىكىنىڭ زىنا قىلىشىدىن كۈندەشلىك قىلىشى ئاللاھنىڭ كۈندەشلىك قىلىشىنىڭ جۈملىسىدىندۇر».[②]

7. شەخسلەرگە ئىسىملىرىنى ئاتاپ ھۇجۇم قىلماسلىق كېرەك.

كىشىلەرنىڭ ئالدىدا، مۇنبەرلەردە شەخسلەرگە ھۇجۇم قىلماستىن، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغىنىدەك قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇنداق - مۇنداق قىلغان قەۋمنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟!» دەيتتى.[③]
شۇنىڭ بىلەن خاتالاشقۇچى كىشىلەر ئارىسىدا نامى چىقمايلا خاتالىقنى بىلىۋالىدۇ.ئەگەر گۇناھكار ئوچۇق - ئاشكارا يېزىق ئارقىلىق، ياكى پەيدا قىلغان بىدئەتى ئارقىلىق، ياكى زىنا - پاھىشىگە چاقىرىشى ئارقىلىق ئاللاھقا تىل تەككۈزسە، ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئادەمنىڭ زىيىنىنى بايان قىلىش ئۈچۈن،ئۇنىڭ ئىسمىنى ئوچۇق ئېلان قىلسا بولىدۇ. مەسىلەن، ئالىملار جەھمى ئىبنى سەفۋاننى ئاشكارا ئېلان قىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك جەھم ئىبنى سەفۋان ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ گۇناھكار ئۈممەتنى جەھەننەمگە باشلىدى، دىندا بىدئەت پەيدا قىلدى، ئىنسانلارنى دوۋزاخقا چاقىرغان دەججالدىن ھەيران قالدىم، ئۇنىڭ ئىسمى<جەنم (جەھەننەم)> دېگەن سۆزدىن تۇرلىنىپ چىققان»[④] دېگەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئالىملار يەنە جەئد ئىبنى دىرھەمنىمۇ ئوچۇق ئېلان قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرىنى ھەدىس كىتابلىرىغا يازغان، ھەر قانداق سورۇندا كىشىلەرنى ئۇلاردىن ئاگاھلاندۇرغان. بۇلارغا ئوخشاش كىشىلەر ئوچۇق ئېلان قىلىنىشى كېرەك. ئەمما ئىسىملىرى مەخپى تۇتۇلۇشقا تېگىشلىك ئادەملەرگە كەلسەك، ئۇلار توغرا قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ خاتالىشىپ قالغان ۋە مەلۇم مەزگىل ھەق يولدىن ئېزىپ كەتكەن كىشىلەردۇر.بۇلارنىڭ ئىسىملىرى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلمەيدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ تېخىمۇ خاتالىششىغا، قىلغان گۇناھىنى غەلىبە دەپ قارىشىغا سەۋەپ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

---

[①] « صحيح مسلم » 2 - توم، 1136 - بەت، 1499 - ھەدىس.

[②] « صحيح البخاري» 7 - توم، 35 - بەت،

[③] « سنن أبي داود » 4 - توم، 250 - بەت، 4788 - ھەدىس.

[④] شەيخ ئائىز ئەلقەرنىنىڭ «5 وقفة فى فن الدعوة » ناملىق رىسالىسىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى www.uyghurkitap.com

8. دەۋەتچى كىشىلەرنىڭ يېنىدا ئۆزىنى ئاقلىماسلىقى كېرەك.

دەۋەتچى كىشىلەرنىڭ يېنىدا ئۆزىنى ئاقلىماستىن، بەلكى ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزىنىڭ خاتالىق سادىر قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىدىن كىشىلەرگە سۆز قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشى، بۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشى كېرەك. ئاللاھ ھەققەتەن پەيغەمبىرىگە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچ ئادەم ئەبەدىي پاك بولماس ئىدى».①

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ۋەزىپىسىنى مۇكەممەل ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇنىڭغا: «ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدە ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەققەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر».②

ئالىملار دەيدۇكى، بۇنداق ئادەم ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى كېرەك. دەۋەتچى ئۆزىنى ئاقلاپ: «مەن داۋاملىق سىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇيمەن، سىلەر بولساڭلار ماڭا ئاسىيلىق قىلىۋاتىسىلەر، مەن سىلەرنى يامان ئىشلاردىن چەكلەۋاتىمەن، سىلەر مەن چەكلىگەن ئىشلاردىن يانمايۋاتىسىلەر، مەن داۋاملىق سىلەر ھەققىڭلاردا ئويلىنىمەن، داۋاملىق ئۆزۈمگە: ‹بۇ ئۇممەت قاچانغىچە پەرۋەردىگارىغا ئاسىي بولار؟›دەپ خۇددى گۇناھسىزدەك ئۆزىنى مالامەتتىن قاچۇرماستىن، بەلكى مالامەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى ئۈچۈن گۇناھىمىز بىر، خاتالىقىمىز بىر، بۇ خاتالىققا ھەممىمىز چۈشۈپ قالدۇق، ھەممىمىز بۇنىڭدىن قۇتۇلىشىمىز كېرەك، بىز پەقەت بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشايمىز، دېيىشى كېرەك. بەلكى سورۇندىكىلەر ئىچىدە دەۋەتچىدىنمۇ ئەقىللىق، ئاللاھقا بەكرەك يېقىشلىق ۋە يېقىنراق ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن.

9. بۇزغۇنچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن چۈشكۈنلەشمەسلىكى كېرەك.

دەۋەتچى چۈشكۈنلەشمەسلىكى، مىڭلارچە كىشىنىڭ ئويۇن ـ تاماشاغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى، ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ دەرس ۋە لېكسىيەلەرگە يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۈمىدىنى يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك. ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىكى قانۇنىيىتى بولسا «ئاللاھنىڭ يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن»③ دۇر.

ئاللاھ ھەققەتەن «قۇرئان كەرىم»دە

① «نۇر» سۈرىسى، 21 ـ ئايەت.
② «نەسر» سۈرىسى.
③ «ئەھزاب» سۈرىسى، 62 ـ ئايەت.

ئاسىيلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئازغۇنلۇقنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز».[1]

«ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (يەنى كافىرلار) گە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت يالغانىنىلا سۆزلەيدۇ».[2]

«سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ».[3]

«سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟».[4]

«سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن».[5]

«مەن سىلەرگە ھامى ئەمەسمەن».[6]

«سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت يەتكۈزۈشتۇر».[7]

بىز دىكتاتۇر تۈزۈم ئارقىلىق كىشىلەرنى دىنغا مەجبۇرلىمايمىز، پەقەت سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە گۈزەل دەۋەتلەر ئارقىلىق دىنغا چاقىرىمىز. ئەگەر ئۇلار چاقىرىقىمىزغا ئاۋاز قوشسا ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز، ئەگەر ئاۋاز قوشماي، رەت قىلسا ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئاللاھقا تاپشۇرىمىز، ئۇلاردىن ئاللاھ ئۆزى ھېساب ئالىدۇ.بىر قىسىم ئۆلىمالار دەيدۇكى، «يەر يۈزىدە كاپىرلار مۇسۇلمانلاردىن، بىدئەتچىلەر سۈننەتكە ئەگىشىدىغانلاردىن، ئىخلاسمەنلەر كۆز ـ كۆز قىلغۇچىلاردىن كۆپتۇر».

دەۋەتچى كىشىلەرنىڭ رىئاللىقىغا قارىتا مۇئامىلە قىلىشى، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ھال ـ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ: «(بۇ سۈرىدە مۇشرىكلارنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى بايان قىلغىنىمىزدەك) گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارە بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى روشەن بايان قىلىمىز».[8]

ئاللاھنىڭ ھېكمىتى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە، مەككىنىڭ جىلغا ۋە ۋادىلىرىدا 40 يىل ياشىدى. بۇ جەرياندا مەككىنىڭ پۈتۈن كىرىش ـ چىقىش ئېغىزلىرىنى بىلدى. مەككىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلىكلەرنى بىلدى. مەككە ئاھالىسىنىڭ ئۆيلىرىنى بىلدى. كاپىرلار ئېتىراز بىلدۈردۇرۇپ: «ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ) نېمىشقا بىر پەرىشتە چۈشمىدى؟»[9] دەيدۇ.

---

[1] «سەبەئ» سۈرىسى، 13 ـ ئايەت.
[2] «ئەنئام» سۈرىسى، 116 ـ ئايەت.
[3] «يۈسۈپ» سۈرىسى، 103 ـ ئايەت.
[4] «يۇنۇس» سۈرىسى 99 ـ ئايەت.
[5] «غاشىيە» سۈرىسى، 22 ـ ئايەت.
[6] «ئەنئام» سۈرىسى، 66 ـ ئايەت.
[7] «شۇرا» سۈرىسى، 48 ـ ئايەت.
[8] «ئەنئام» سۈرىسى، 55 ـ ئايەت.
[9] «ئەنئام» سۈرىسى، 8 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ پەيغەمبەرنىڭ ئىنساندىن بولىدىغانلىقىنى، باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش غەم ـ قايغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقى ۋە باشقا ئېھتىياجلىرى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدى. دەۋەتچى ئۆزىنىڭ رېئاللىقنى بىلىشى، ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتتىن پايدىلىنىشى، يۇرتىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، نېمىلەرنىڭ دېيىلىۋاتقانلىقىنى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشى، تىجارەتچى، دېھقان ۋە ھەر تەبىقىدىكى ئىنسانلارنى چۈشىنىشى، ھەرقايسى يۇرتلار، بازارلار، دۇكانلار ۋە توي ـ مەرىكە زاللىرىغا ئوخشاش ئاممىۋى سورۇنلارغا دىققەت قىلىپ، خەۋەردار بولۇشى ۋە بىلگەن رېئاللىققا قارىتا گەپ قىلىشى كېرەك. شۇڭلاشقا ئالىملار بىر دەۋەتچى بىر شەھەرگە بارماقچى بولسا شۇ شەھەرنىڭ تارىخىنى ئوقۇشى شەرت، دەپ بەلگىلىگەن. بەزى ئالىملار باشقا يۇرتقا سەپەر قىلغان چاغلىرىدا بارغانيۇرتنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، ساياھەت ئورۇنلىرى، يۇرت ئاھالىسىنىڭ خاراكتېرى، قانداق ياشايدىغانلىقى، نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، نېمىنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن شۇ يۇرتنىڭ مائارىپى قاتارلىقلار ھەققىدە كۈندىلىك خاتىرە قالدۇرۇپ قايتىدۇ.

10. ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

بەزى دەۋەتچىلەر دىنغا ناھايىتى كۆيۈنۈپ كېتىپ، دىندا يوق نەرسىلەرنى دىنغا قوشۇۋالىدۇ، ئۇلار بىرەر گۇناھ ھەققىدە گەپ قىلغىنىدا، ئۇ گۇناھنىڭ جازاسىنى ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگىنىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. مەسىلەن، تاماكا چېكىشتىن چەكلىمەكچى بولسا: «ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! كىمكى تاماكا چېكىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جازاسى ئەيىبلەنگەن ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان ھالدا جەھەننەمگە كىرىش بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ بىر خاتالىق. چۈنكى شەرىئەتتە نۇرغۇن ئۆلچەملەر بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە ئوخشاش چوڭ گۇناھلار، كىچىك گۇناھلار ۋە شەرىئەتتە رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار بار. يىغىپ ئېيتقاندا، ئاللاھ ھەر نەرسىگە بىر ئۆلچەم بېكىتكەن.

بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەيدۇ:

ئۆلۈم لايىق بولغانغا، ئېھسان قىلىش جاھالەت،

ئېھسان لايىق ئىنسانغا قىلىچ تەڭلەش نە ھاجەت؟

دەۋەتچى جازا ۋە مۇكاپات توغرىسىدا چەكتىنئاشۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك. گەرچە ئاجىز بولسىمۇ بۇ نۇقتىنىڭ ھەدىستىن ئاساسى بار. ھەدىستە: «مىسۋاك بىلەن ئوقۇلغان بىر ۋاخ ناماز مىسۋاكسىز

ئوقۇلغان 70 ۋاخ نامازدىن ئەۋزەل»،[1] «كىمكى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتتە 70 قەسىر بىنا قىلىپ بېرىدۇ، ھەر قەسىردە 70 ھۆرلۇئەيىن بولىدۇ، ھەر بىر ھۆرلۇئەيىننىڭ يېنىدا 70 خىزمەتچىسى بولىدۇ، بۇ 70 خىزمەتچى ئەسىر نامىزىدىن شام نامىزىغىچە تۇرىدۇ...».[2]

كىشىلەرنى زىيادە قورقۇتۇۋېتىش توغرا ئەمەس، دەۋەتچى سۆزلىرىدە مۇستەھكەم تۇرۇشى، مەن ئاللاھ نامىدىن سۆزلەۋاتىمەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن سۆزلەۋاتىمەن، دېگەننى بىلىشى كېرەك.

**11. توقۇلما ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ ئىشلەتمەسلىك كېرەك.**

دەۋەتچى شۇ ھەدىسنىڭ توقۇلما ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدىغان ئورۇندىن باشقا ھەر قانداق ئورۇندا قەتئىي توقۇلما ھەدىسلەرنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. ھەدىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن تۆت مىڭ ھەدىس توقۇغان جىنايەتچىنىڭ ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ھارۇن رەشىدنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلۈپ، ھارۇن رەشىد ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قىلىچىنى قىنىدىن سۇغارغان چاغدا، ئۇ: «سەن مېنى ئۆلتۈرسەڭمۇ، ئۆلتۈرمىسەڭمۇ، بەرىبىر. چۈنكى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىگە تۆت مىڭ يالغان ھەدىس توقۇپ بولدۇم»دېگەن ئىدى.ھارۇن رەشىد: «ھەي ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! نېمە دەۋاتىسەن؟ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئەبى ئىسھاق ئەل مەزۇرىغا ئوخشاش چوڭقۇر ئىلىملىك كىشىلەر سەن توقۇغان ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقىدۇ» [3] دېدى.

ئاللاھقا شۈكرىلەر بولسۇنكى، توقۇلما ھەدىسلەر بايان قىلىنىپ بولۇندى، بىز دەۋەتچىلەرنى كىشىلەرگە توقۇلما ھەدىسلەرنى يەتكۈزۈشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىمىز،گەرچە ئۇ توقۇلما ھەدىس ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتى چىقىش قىلىنىپ دېيىلگەن بولسىمۇ. چۈنكى، ئۈممەتنىڭ پۈتۈن مەنپەئەتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە بايان قىلىنىپ بولغان. شۇڭا بۇ مەنپەئەت ئەلقەمە ۋە سەئلەبەنىڭ ھەدىسلىرىگە، شۇنداقلاتوقۇلما ھەدىسلەرگە ئوخشاش باتىل ھەدىسلەردە ئەمەس. بۇنىڭ ئۈممەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى پايدىسىدىن كۆپ. لېكىن دەۋەتچى بۇنداق ھەدىسلەرنى كىشىلەرنىڭ بىلىۋېلىشى ئۈچۈن لېكسىيە، دەرس ۋە توقۇلما ھەدىسلەرگە دىققەت قىلىش ھەققىدىكى خۇتبىلىرىدە بايان قىلسا بولىدۇ.

[1] « المستدرك » 1 ـ توم، 146 ـ بەت.

[2] « فصل الخطاب فى الزهد والرقائق والاداب » 1 ـ توم، 932 ـ بەت.

[3] شەيخ ئائىز ئەلقەرنىنىڭ « 30 وقفة فى فن الدعوة » ناملىق رىسالىسىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ياشلار ۋە ياشلارچىلىق روھى



ئۆمەر سالىھ زىيائىي

زۇلۇمنىڭ قاراڭغۇ زۇلمىتى ئۈستىگە چۆككەن مىللەتنىڭ يىگىت-قىزلىرىنى ۋەھىمىگە سۆرەۋاتقىنى بۇ زۇلمەتنىڭ ئاخىرىنى كۆرەلمەسلىكتۇر، لېكىن بۇ مۇدھىش زۇلمەتنىڭ ئاخىرى كۆز بىلەن ئەمەس، قەلب بىلەن كۆرىلىدۇ. بۇنى كۆرەلىگەن قەلبلەر ئىچىدە پاراستى يۈكسەك بولغانلارمۇ، دەۋانىڭ بايراقدارلىقىنى تۇتقان پىداكار ياشلارمۇ بولىدۇ، پەقەت بۇ يىگىتلەر كۈچلىرىنى جانابى ھەقنىڭ نۇر ھېكمىتىدىن ئالىدۇ. زۇمەر سۈرىسىدە دېيىلگىنىدەك «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار ئوخشاش بولامدۇ؟» دېگەن ئايەتنىڭ روھى بويىچە ئېيتقاندا ئىلىم-ئىرپان بىلەن قوراللانغان، قەلبىگە ئىخلاس ۋە ساداقەتنى مۆھۈر قىلغان ياشلار ھەقىقىي يىگىتلەردۇر. كۈنىمىزگە نەزەر سالغىنىمىزدا ،ياشلار دېسە ھەممىنىڭ ئېسىگە يىگىتلىك دەۋرىدىكى شوخقىز-يىگىتلەر كېلىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇمۇ توغرا، ئەمما ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى، قىسقىسى ۋەتىنىنى مىللىتىنى ياشنىتىدىغان، تەرەققىي قىلدۇرىدىغان روھقا ئىگە ياشلار بۈگۈن مىللەت ئارزۇ قىلىپ يولىغا تەلپۈنۈۋاتقان ياشلاردۇر. شەيئىلەر ئۈستىدىن توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ مەقسەتكە لايىق ئۇسۇل تاللىيالايدىغان

ئەمەلىــي ئەقىــل پاراســەتكە تولغــان، نىشــانى ئېنىــق، ئەخــلاق ـ پەزىلىتــى، بىلىش ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتى ياخشــى يېتىشكەن بىر تۈركۈم ياشــلار مىلــلەت ئۈچۈن ھايــاتلىق دورىســىدەك مــۇھىم بولماقتا! پەيغەمبىرىمىزھەدىستە قىيــامەت كۈنى ئەرشنىڭ ئاســتىدا ســايىدايدىغان ياشــلار دەپ ســۈپەتلىگەن، ياشــلىقنى ئاللاھنىڭ رازىلىقنى كۆزلەپ ئۆتكۈزگەن ياشلاردا بولۇشقا تېگىشــلىك پەزىــلەت، دەل ئــۇممەت ئۈچــۈن كــۆيەلىگەن، سەممىيىتى، ئىخلاســى بىــلەن دۇنياغــا مېھنەتنى چاچقان ياش بولسا :ـ يــاش قوماندانلار ئۈلگىســى پاتىــھ ســۇلتان مــــۇھەممەد، تىلــــلاردا داســــتان، قەلبلىرىمىزدە ئۆچمەس گۈلخان بولغــان دىيارىمىزغا ئىسلامنىڭ نۇرىنى تارقاتقــان سۇلتان ســۇتۇق بۇغراخــان، ئېپــپەت قەھرىمانى نۇزۇگۇم ۋە ئىپارخان كەبــى ياش تۇرۇپ تارىخ سەھىپىسىگە ئــالتۇن ھەرپلەر بىلەن ئىسىملىرى خــاتىرلەنگەن ياشلاردۇر. بۇ مۇجاھىد ئــۈلگىلىرى ۋە بۇلارنىڭ ئىز باسارلىرى بولغان تارىختىن بۈگــۈنگە قەدەر ھەر دەۋردە مەيــدانغا كەلــگەن نەۋقــران ياشلارئىســلامنىڭ، ئۈممەتنىــــڭ شــــانۇ ـ شــــەۋكىتىنى يۈكسەلتىپ مۇقەددەس دىنىمىزنى، ئانــا تــۇپراقلىرىمىزنى بىــزلەرگە ئامــانەت قويۇپ كېتىــپ قالــدى. بــۇ يولــدا نە جانلىرىـــدىن غەم يېمــــدى، نە مـــال دۇنيانىڭ شان ـ شۆھرەتىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىمىدى، كۈنىمىزگە يېتىــپ كەلــگەن قەھرىمــانلىق داســتانلىرى بولســا بـــۇ ئۈممەتنىـــڭ، مىللەتنىڭپەخــرى بولغـــان ياشلارنىڭ زامانىدا قىلغــان مېھنەتســىز ياخشىلىقلىرى پەقەت ۋە پەقەت جانــابى ھەقنىڭ رازىلىقىنــى كــۆزلەپ تارتقــان ئەزىــــيەت، جاپــا ـ مۇشــەققەتلىرىگە، ئەۋلادلارنىــــڭ ئېيتالىغــــان بىردىنبىــــر تەشەككۈرى ئىدى، شۇنىسى ئېنىقكى بۇ قەھرىمانلار بۇ يولغا شــان شــۆھرەتنى نىشان قىلىــپ ۋە يــاكى مــاددى بىــر مەنپەئەتنى قوغلىشىپ چىققــان ئەمەس، پەقەت روھىغا سىڭىپ كەتكەن ئىمــانىي جاسارەت، ئىرپانىي ئەقىل، مۇســتەھكەم ئىرادە، چىن ئىخلاسىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ مىللەتنىڭ تارىخىدا يېڭى بىر بــۇرىلىش ھاســىل قىلىشــقا مــۇۋەپپەق بولــدى. بۇلارنىڭ يوللىرىمۇ ھەم ئۇنداق داغدام بولغان ئەمەس. ھاسىل كالام كۈنىمىزگە قايتىــدىغان بولســاق ئەنە شــۇ بــاتۇر ئەجــداتلارنىڭ بۈگــۈنكى ۋارىســلىرى بولغــان ياشـــلار قۇشـــۇنى ھەرخــل ئىــــدىيەلەرنىڭ بــــوران چاپقۇنلىرىــــدا يۈرمەكتىمىز، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىكى بۇ تېخىرقاشلارۋە پىكرى مەھكۇملــۇق بىزنى يەنە قاچانغىچە ئۆز ئىسكەنجىسىدە تۇتىـــدۇ، بۇنىســـى نـــامەلۇم. پەن ـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تېخنىكا ۋە سانائەت تەرەققىياتى ئاللىبۇرۇن بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىزدىن ھالقىپ، گاھىدا ئەقلىلىرىمىز قوبۇل قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ئىلگىرىلىمەكتە، مەھكۇملۇق ۋە ئاسارەتنىڭ رەزىل زەنجىر كىشەنلىرىدە باغلانغان روھىمىزنى بۇ مەۋھۇم كىشەنلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ يېڭىچە ئىدىيە، يېڭىچە پىكىر بىلەن قوراللاندۇرۇپ دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە ئەقىل بىلەن ھەرىكەت قىلىپ ۋەتىنىمىزدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان قانخور زالىملارغا ئەجەللىك زەربىلەرنى بېرىپ ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش ۋەزىپىسى مانا بۈگۈن شۇ چەتئەللەردىكى ئازغىنە ياشلىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيەت، ۋە مەجبۇرىيىتىگە ئايلانماقتا، بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى لايىقى بىلەن ئېلىپ ماڭالىشىمىز ئۈچۈن يەنىلا ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسە بىلىم ۋە ئىقتىداردۇر، 1996 ـ يىلى يېزىلغان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر ‹مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنۇتىلىشى›[①] دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى سەيمىل خانتىڭتون شۇ زاماندىكى يېڭى دۇنيانىڭ غوجىسىغا ئايلانغان غەرپ مەدەنىيىتىگە ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن مۇنداق ئىككى خىل تەۋسىيەنى كۆرسەتكەن : 1 ـ بىلىم ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى كۈچىنى چىڭ ساقلاش ۋە ئەسلا يوقاتماسلىق، 2 ـ ئەسكىري كۈچ ۋە قورال ياراق سانائىتىنى ئۈستۈنلىكىنى ئەسلا قولدىن بەرمەسلىك، مانا بۈگۈن قارايدىغان بولساق غەربلىكلەر بۇ تەۋسىيەنى ئىزچىل چىشلىرى بىلەن چىڭ چىشلەپ ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى بۇنىڭ بىلەن قوغداپ ۋە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ، ھالبۇكى جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بىزگە:ـ‹ ئوقۇ ئەمرىدىن باشلاپ بىلىم، ئەقىل بىلەن، بىرنىيەت، بىر مەقسەتتە ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا بىرلىكتە ئېسىلىشىمىز ۋە قەتئىي بۆلۈنمەسلىكىمىز كېرەك ئىكەنلىكىنى›بۇيرۇق قىلدۇ. بىلىمگە ۋە تېخنىكىغا ئەھمىيەت بېرىشتە دىنىمىز ئىنتايىن چىڭ تۇرىدۇ، لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ھۆكۈملەرنى چۈشۈنىشتىكى يۈزىلىشى خاتا كەتكەنمۇ ياكى ئەھمىيەت بېرىلمىگەنمۇ بۇنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزىگە ھاۋالە قىلاي. ئەسلى مەقسەت بولغان ياشلارنىڭ بۈگۈنكى ئەڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى بۇ بولسا كېرەك. ياشلار ھەر دائىم مىللەتنىڭ جان تومۇرى ۋە زامان ۋە

---

① كۆپىنچە سىياسەتچىلەر بۇ كىتاپنىڭ بىر پىلان ئىكەنلىكىنى، ئامرىكا مەركىزى ئاخپارات ئىدارىسىنىڭ بۇيرىقى بىلەن يېزىلغان دەيدۇ ، كىتاپتا يۈز بېرىدىغان ئىشلار توغرۇلۇق دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى كۈنىمىزدە مەيدانغا كەلمەكتە !

ماكان تەرەققىياتىنىڭ باشلامچىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بىر مىللەتنىڭ ئىچىدىن قەلبىگە ئىخلاس ۋە سەممىيەت مۆھۈر قىلىپ بېسىۋېتىلگەن ۋەتەنسۆيەر پىداكار ياشلارنىڭ قانچىلىك بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ ساپاسى ۋە تەرەققىياتىنى، خەلقئارادىكى ئورنىنى بەلگىلەشتىكى ئەڭ چوڭ ئامىللارنىڭ بىرى.

21-ئەسىردە ئىنسانلار پەن-تېخنىكا جەھەتتە مىسلىسىز تەرەققى قىلىپ ئىنسانلارغا يېڭىچە زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىق ئۇسۇللىرىنى ئېلىپ كىلىپ ئىنساننىڭ بەختسىزلىكى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن ھالقىپ كەتتى. بىلىم ۋە تەرەققىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ بولالمىغان مۇسۇلمان مىللەتلەرگە ئىنتايىن قايغۇلۇق بىر دەۋرنىڭ باشلىنىشىمۇ 21-ئەسىر بولدى. نەتىجىدە مەنپەئەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئىقتىسادىي قىممەت قاراش ھەممىنى بەلگىلەيدىغان بولدى. يېڭىچە بىلىم ۋە تېخنىكىلارنى ئىگىلەش ۋە دۈشمەننىڭ ھىيلە-مىكىر، نەيرەڭلىرىنى چۈشىنىش ۋە بىلىش ئەنە شۇ ياشلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلار ۋە ياشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى كۈنىمىزدىكى ياشلاردىن ئۆزىدە بار بولغان ئىقتىدار، قابىلىيەت، ئۆتكۈر سەزگۈرلۈك ۋە مىللى روھتىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولغان ئۈستۈن ئەقىل ۋە ئۈستۈن سەۋىيەنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ۋەتىنىمىزدە مىللەت ھايات ماماتلىق كۈرەش ئۈستىدە تۇرغان ئىكەن،مۇھاجىرەتتىكى ھەر بىر ياشنىڭ قەلبىدە بىر باشلامچىلىق روھى بولۇشى زامانىمىزنىڭ مۇتلەق تەلىپى ۋەتەقەززاسى. مىللەتنى توغرا يول ۋە توغرا لىنىيە بويىچە يېتەكلەيدىغان بايراقدار باشلامچىلىق روھى ھەربىر ياشنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتىشى زۆرۈر. باشلامچىلىق ھەققىدە سۆز قىلغىنىمىزدا باشلامچىلىق: نەزىرىيە بىلىملىرىنىڭ جۇغلىنىشى ۋە كونكرېتلىشىشى ئارقىلىق، بىلىم ۋە پەن-تېخنىكىغا تايانغان ماھارەت ۋە بىلىم مۇئەسسەلىرى ئاساسى ئورگانغا ئايلاندۇرۇلۇپ مىللەتنىڭ ئېتىقادى، سىياسى ۋە ئىقتىسادى قۇرۇلمىسىدا پارلاق ۋە داغدام بىر يولغا باشلاشتۇر. نوقۇل ھالدىكى سەپنىڭ ئالدىدا ياكى سەھنىلەردە يۇقىرى ئاۋازلار بىلەن مىللەتكە جار سېلىۋاتقان، ياكى سىياسى كۈنتەرتىپلەردە ئاكتىپ رول ئوينىۋاتقانلارلا باشلامچى ئەمەس، ئەمەلىيەتتە بۇلار سەھنە ئارقىسىدىكى ھەقىقى باشلامچىلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەردۇر خالاس. كۈنۈمىزدە تەقەززا قىلىنىۋاتقان باشلامچىلىق: تۈركۈم-تۈركۈم، ساھە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـ ساھەلەرگە كېڭەيگەن باشلامچىلىق يوللىرىدۇر. بۇلارنى ئاساسلىق ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1 ـ بىزدىن تەلەپ قىلىنىۋاتقان باشلامچىلىق

2 ـ ۋەزىيەت تەقەززا قىلىۋاتقان باشلامچىلىق.

بىزدىن تەلەپ قىلىنىۋاتقان باشلامچىلىق دېگىنىمىزدە بەلگىلىك بىلىم سەۋىيەسى، ئاساسى ئۇلى بىلىم بولغان ئىقتىدار، دائىملىق ئىزدىنىش روھى، نورمال ئىزچىللىق، ھەر تەرەپتىن تولۇقلاشقا ماھىرلىق، ھەر تەرەپكە تەڭپۇڭ پوزىتسىيە تۇتۇش قابىلىيىتى، هازىرلانغان مۇكەممەللىككە يېقىن بولغان باشلامچىلىق روھى بولۇشى كېرەك. بۇلارنى هازىرلىغاندىلا مىللەتكە ئىلىم بىلىمدە باشلامچىلىق قىلغاندىن سىرت، توغرا پىكىر توغرا ئەقىدە ئۈستىدە ئورۇندالغان ئەمەل ئىبادەتتە، ئۆمۈدسىزلىككە پېتىپ كەتكەنلەرگە ئۈمۈدتە، يىغىچە پىكىر، ئىلغار ئىدىيەلەردە، كەسپى تەخەسسۇسلۇق سالاھىيەتتە، مىللەتنىڭ سىياسى ۋە ئىجتىمائى ئەھۋالىنى بەلگىلەشتە ھەققى دىنىمىز ۋە روھىمىزغا ئۇيغۇن بولغان باشلامچىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن مىللەتنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، زىللەتتىن ھەققى قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ.

ۋەزىيەت تەقەززا قىلىۋاتقان باشلامچىلىق دېگىنىمىزدە: ـ كۆنىمىزدىكى جىددى سىياسى، ئىجتىمائى تەرتىپ ۋە ھەرىكەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان سەممىيەت ۋە ئىخلاس تەلەپ قىلىدىغان بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقتا، قېرىنداشلىقتا، داۋادىكى ئاكتىپچانلىقتا، ھەمكارلىق ۋە قوللاشتا، ۋە ئۆز ئارا ھەمدەمدە بولۇشتا، نامايەن بولىدىغان ئەسلىدىنلا تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئەمما كۆنىمىزدە جىددى ۋەزىيەت تەقەززا قىلىۋاتقان بۇ باشلامچىلىك روھى بىزدىن يۇقىردا تىلغا ئېلىنغاندەك ئۇنداق ئۈستۈن سەۋىيە تەلەپ قىلمايدىغان ئەمما چىن ئىخلاس ۋە سەممىيەت تەلەپ قىلىدىغان باشلامچىلىق روھىدۇر.

ئەمما كۆنىمىزدە جانباقتىلارنىڭ دەسمايىسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان ئىجتىمائى سورۇنلاردا ۋە تاراتقۇلاردا تولا يۈز بېرىۋاتقان پارتىزانلارچە مەيدانغا چۈشۈپ بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەۋاتقان باشلامچىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆز بېشىمچىلىق، ئۆزمەنچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك، مەنپەئەتنى چىقىش قىلغان سەممىيلىك، مەقسەتلىك قىلغان دوستلۇق،

قەھرىمانلىق ۋەھەمكارلىق، قوللاش تۇيغۇسى بولمىغان يۇقىرىغا ئىنتىلىش، قاتارلىق پاجىئەلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان مېدىيا قەھرىمانلىرى، مۇناسىۋەت تىلەمچىلىرى، داۋا سودىگەرلىرى، ۋە ئاشقۇن تەرەپپازلار مىللەتنىڭ ئىجتىمائى ۋە سىياسى تەرەققىياتىغا ئېغىر تۇسالغۇ بولماقتا. جەمئىيەتكە يامراۋاتقان بەرسە كۈچۈكلىنىپ، بەرمىسە تىللاش، باتناش ئىللەتلىرى مانا مۇشۇلارنىڭ تۆھپىسىدۇر. بۇلارنى ۋاقتىدا تۈزەتمىگەندە گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت خىرىسقا ئايلىنىپ، جەمئىيەت ئۆلۈك ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. كۈچلۈك ۋە ھوقۇقلۇق گۇروھلار بىلەن بېسىمغا ئۇچرىغان ياكى تۆۋەن ئورۇندىكى گۇروھلار ئۆزئارا ئورۇش كەيپىياتىغا كىرىدۇ، مانا بۇ ئەڭ چوڭ پاجىئەدۇر.

مىللەتنىڭ پارلاق كېلەچىكى، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ ھۆرلۈككە چىقىش غايىسى ۋە مۇستەقىل بىر ۋەتەن ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە تەرەققىياتى كۈنىمىزدىكى ياشلارنىڭ ئاڭ سەۋىيەسى ۋە ساپاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تاللاش ۋە شاللاشقا تولغان رىقابەت دۇنياسىدا پۇت تىرەپ تۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ھەق دەۋاسىنى تونۇتۇش ۋە ئەمەلى مەيدانىغا ئۆتۈش ئۈچۈن ئىچكى ئىسلاھات ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك!

دەۋادا ئاكتىپ باشلامچى بولۇپ ماڭىدىغان ياشلارنى نۇقتىلىق تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنگە ئوخشاش تاللاشتىمۇ ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئىش كۆرىلىشى زۆرۈر. دەۋا يولىدا ئىز باسار تاللاشتىكى سەل قاراش، ئارقا كۆرۈنۈشىنى تولۇق ئىنچىكىلىمەسلىك، خۇشامەت ۋە ھىيلىگەرلىكتىن ئاسان تەسىرلىنىش قاتارلىق مىللەتنىڭ تەقدىرىگە بىۋاستە چېتىلىدىغان خاتالىقلارنىڭ سادىر بولۇپ قېلىنىشىدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. مۇستەقىل پىكىر، ئەركىن تەپەككۇر يېتىلمىگەن دوگما پىكىرلىك ياشلار ۋە بۇيرۇققا كۆنۈك قورقۇنچاق مىجەز ياشلارنى ئىش بېشىغا قويۇشتىن ساقلىنىپ، مائارىپ ئاساس قىلىنغان ئىزباسار تاللاش ئۇسۇلى بويىچە ئىش كۆرۈش مىللەت ئۈچۈن پارلاق كېلەچەكنىڭ ئاساسى ئۇلىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئاھ ۋاپا، سەن نەدە؟

تاھىرجان ئابباس

ۋاپا ئىنساننىڭ كۆڭۈل باغچىسىدا يېتىشكەن، گۈل ـ گۈلىستان ئىچىدە ئېچىلغان خۇشپۇراق بىر غۇنچىدۇر. ئۇ، ھېس ـ تۇيغۇ، كۆزقاراش، چۈشەنچە ۋە پىكىر ئىقلىمىدا بىرلەشكەن سۈزۈك ۋە ساپ روھلارغا ئۆزىنىڭ خۇش ھىدلىرىنى چېچىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئۆچمەنلىك، نەپرەت ۋە ھەسەتكە ئوخشىغان ئاپەتلەردۇر. بۇ خىل ئاپەتلەر ئۇنى ھايالسىز قىرىپ تاشلايدۇ ۋە ئەسلا ياشاتمايدۇ. شۇنداق، ۋاپا سۆيگۈ ۋە مۇھەببەت باغرىدا كۆكلەپ بوي تارتىدۇ، ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەت ئىقلىمىدا تەخىرسىز قۇرۇپ نابۇت بولىدۇ.

بىر قىسىم تەسەۋۋۇپ ئەھلى ۋاپانى «قەلب كامالىتىنىڭ نامايەندىسى» شەكلىدە تەرىپلىگەن. بۇ ئىپادە قارىماققا يېتەرسىزدەك بىلىنسىمۇ، مۇلاھىزىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرغىنىمىزدا، مۇناسىپ ۋە ئورنىغا كەلگەن بىر تەرىپتۇر. چۈنكى قەلبىي تاكامۇللۇقتىن مەھرۇم، روھى خام شەخسلەردىن ۋاپادارلىق كۈتكىلى بولمايدۇ. راستچىللىق، سەمىمىيلىك ۋە ۋاپادارلىققا ئوخشىغان سۈپەتلەر ئادەتتە ئىنساننىڭ كۆڭۈل ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك خۇسۇسىيەتلەردۇر. شۇڭا ھەر ۋاقىت

قىلغان سۆزى ۋە بەرگەن ۋەدىسىگە مۇخالىپ ھەرىكەتتە بولىدىغان ۋە داۋاملىق مەسئۇلىيەتتىن قاچىدىغان ئىككى يۈزلۈك ۋە رىياكار شەخسلەردىن ۋاپادارلىق كۈتۈش تامامەن غەپلەت ۋە ساددىلىقتۇر.

شۇنداق، ۋاپاسىزغا كۆڭۈل بەرگەنلەر ھامان بىر كۈنى نادامەتتە، سەپەرگە چىققانلار يولدا، رەھنەما بىلگەنلەر ھەسرەتتە قالىدۇ.

ئىنسان، ۋاپا تۇيغۇسى ۋە ئىشەنچ بىلەن ياشىغاندا قەلبى تەسكىن تاپىدۇ ۋە ھۇزۇرغا ئېرىشىدۇ. رەھبەرلەر خەلققە، خەلق رەھبەرلەرگە، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە، پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىلارغا ۋاپادار بولغاندا ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزئارا ئىشەنچ ۋە پىداكارلىق روھى يېتىلىدۇ. بەختلىك ئائىلە، ئىناق جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتلىك شەھەر بارلىققا كېلىدۇ. ئىچكى مۇناپىق ۋە تاشقى دۈشمەنگە قارشى بىردەك ھەمنەپەس بولالايدۇ. خۇددى 15-ئىيۇل تۈركىيەدە يۈز بەرگەن ھەربىي ئىنقىلابقا قارشى تۈرك خەلقىنىڭ دۆلەت رەئىسى ئەردۇغاننىڭ سىكايپىدا قىلغان چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، تانكا ۋە **F16** تىپلىق ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىغا قارشى كۆكرىكىنى قالقان قىلىپ، مەيدانغا تۆكۈلگەنلىكى، ھەتتا بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزدىنمۇ بىر قانچىسى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ماشىنغا ئولتۇرۇشقا ئۇلگۇرمەي، ساپا كۆيىدىن يۈگۈرگەن ھالدا تاملاردىن ئاتلاپ، ئايدۇرۇمغا بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋاپا بۇرچىنى ئادا قىلغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ۋاپادارلىق روھى ۋە پىداكارلىق جاسارىتى بىزنى ئەمەس پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى ھەيران قالدۇردى. مانا بۇ تۈرك خەلقىنىڭ ئۆز رەھبىرىگە بولغان ۋاپادارلىق روھىنىڭ كۈچى ۋە ئىپادىسى**!** ئەگەر تۈرك خەلقى ئۆز رەھبىرىگە، ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە بولغان ئەنە ئاشۇنداق ۋاپا بۇرچىنى ئادا قىلمىغان، **300** گە يېقىن كىشى ئىسسىق قېنى بىلەن داستان يازمىغان بولسا ئىدى، بۈگۈنكى تۈركىيىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

ۋاپا شەخسلەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىپ پۈتۈنلىشىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ۋاپا سايىسىدا پارچىلار بىرلىشىپ، ئۈملۈك ھاسىل بولىدۇ. بىر ئىدىيىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلدىڭمۇ، بىر غايە ۋە بىر ئىدىيەگە كۆڭۈل بەردىڭمۇ، بىر يولدا بىرلىرى بىلەن بىرگە يولغا چىقتىڭمۇ، بىرلىرى بىلەن دوست-ئەھباب بولدۇڭمۇ، ئۇنداق بولسا كەل، جان دېسە جان، مال دېسە مال بېرىپ ئۆزۈڭنىڭ كۆڭۈل ئىقلىمىدا يېتىشكەن ۋاپا بۇرچۇڭنى ئادا قىل**!**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەينى ۋاقىتتا، ئادەم ئاتىمىز ئۆزىگە بېرىلگەن پۈتۈن رەھمەت ئىشىكىنى قەلبىدىكى سىرلىق ۋاپا ئاچقۇچى بىلەن بىر ـ بىرلەپ ئاچتى ۋە "مەغپىرەت"بۇلاقلىرىغا ئۇلاشتى. شۇ ئوخشاش ھادىسىدە ئىبلىس رەھمەت ئىشىكىدىن قوغلاندى بولۇپ، ۋاپاسىزلىق تۈپانىدا غەرق بولدى.

ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىنقىسى، كەلگەن ۋە كېلىدىغان پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەۋجۇدات ئالەمدە ھېچ كىمگە نېسىپ بولمىغان مىراج سەپىرىگە ئۆز دەۋاسىغا بولغان ۋاپا تۇيغۇسى بىلەن ئېرىشكەن. شۇنداق، ئۇ زات ئۆزىنىڭ بۇ سەپىرىدە پەرىشتىلەر، ھەتتا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامۇ يېتەلمىگەن نوقتىغا يېتىپ، ھېچبىر مەخلۇق ئېرىشەلمىگەن شەرەپكە ئېرىشكەنىدى. ئەمما ئۇ زاتنىڭ ئەنە ئاشۇ دۆلەتمەن شەرەپكە ئېرىشىپ، بېشى پەلەككە يەتكەن قۇتلۇق ۋە سائادەتمەن بىر زاماندىمۇ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەنىۋىي ھۇزۇر ۋە خۇشنۇدلۇقىنى تاشلاپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە تولغان بۇ پانىي ئالەمگە قايتىشى، ئۈممىتىگە بولغان ۋاپا تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى تەشكىل قىلىدۇ!.

قەلب دۇنياسىدا پۈتۈنلىشىپ، مەنىۋىي دۇنياسىنىڭ قەھرىمانلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن پۈتۈن يۈكسەك روھلارنىڭ ياخشىلىق دەپتەرلىرى ۋاپا تۇچكىسى بىلەن خۇلاسىلانغان بولسا، يولدا قالغانلار ۋاپاسىزلىق تامغىسى بىلەن پېچەتلەنگەن.

ئەسلىدە، ھەر خەلقنىڭ ئۆز رەھبەرلىرىنى، قەھرىمانلىرىنى، كەشپىياتچى ـ تۆھپىكار ئالىملىرىنى، ئۆلىما، يازغۇچى زىيالىي ۋە سىياسىي ئەرباپلىرىنى ھۆرمەت قىلىش، قەدىرلەش، قوغداش ۋە ئەسلەش ۋاپا بۇرچى بولىدۇ. بۇ ئومۇمىي مەنىدىن ئالغاندا شۇ خەلقنىڭ مىللىي روھىيىتىنىڭ سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدۇ.

شۇنداق، كۈنىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ بىز خەلقنىڭ بۇ تۈر خىسلەت ۋە ۋاپا تۇيغۇسى بىر قانچە ئەسىرلىك ئاسارەت ۋە جاھالەت قاباھەتلىرى بىلەن كۆمۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، كۆڭۈل بېغىمىزدا ۋاپانىڭ ئىزى ئەمەس، ھەتتا قالمىغاندەك قىلىدۇ؛ قارايدىغان بولساق، بۈگۈنكى مۇسۇلمان دۇنياسى بىخۇد، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ دەردىگە دەرمان، ھالىغا مۇڭ بولالايدىغان ھېس ـ تۇيغۇدىن مەھرۇم، ھەممە ئۆز دەرد ـ ئەھۋالى بىلەن مەشغۇل؛ خەلق ئۆز رەھبەرلىرىگە، رەھبەرلەر ئۆز خەلقىگە ئىشەنمەيدىغان، بىر نىيەت ۋە بىر

مەقسەتكە كېلەلمەيدىغان، ھەتتا ئۆز سايىسىدىنمۇ ئۈركۈيدىغان سوغۇق ۋەزىيەت شەكىللەندى. شۇ سەۋەپلىك بولسا كېرەك، ئائىلىدە بەخت، جەمئىيەتتە ئىناقلىق يوق، ھەممىمىزنىڭ پېشانىسىگە زىللەت تامغىسى بېسىلىپ، تېخى دۇنيادا تۇرۇپ ئەسپەلى ـ سافىلىنغا تاشلاندۇق.

ئەسلىدە مۇسۇلمانلىق بىر سۈپەت ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئىماننىڭ تەقەززاسىدىن ئىبارەت ئۆزى، ئائىلىسى، خەلقى، ۋەتىنى، بولۇپمۇ دىنى مەجبۇرىيىتى ئالدىدىكى پۈتۈن مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش، شۇنىڭدەك ئۆز ۋاقتىدا رۇزى مىساقتا جانابى ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە[①] ۋاپا قىلىش روھىنى يېڭىلاش ئەھدىنامىسىدۇر.

مانا بۇ خىل ۋاپا روھى بىلەن بىزەلگەن مۇسۇلمانلىق، شۇ ئىنسانغا نىسبەتەن ئىلاھىي ئېھساندۇر. بۇنداق ئېھسانغا نائىل بولۇش ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولمايدۇ، بەلكى قەلبىدە ئاشۇ ئېھسانغا قارىتا ۋاپا بۇرچىنى ھېس قىلالايدىغان ئەركەكلەرنىڭ ئەركىكىگە مەنسۇپ بولسا كېرەك! ئەينى ۋاقىتتا ساھابە كىراملار ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدا ماڭغان ئالاھىدە شەخسلەر تەرىپىدىن ئەڭ گۈزەل شەكىلدە تەتبىقلانغان ۋاپادارلىق روھى بۈگۈنكى كۈندە ئەنقانىڭ تۇخۇمىدەك تېپىلماسنىڭ دورىسى بولۇپ قالدى.

ھەقىقىي ۋاپادار كىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئۆز داۋاسىغا بولغان ساداقىتىدۇر. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرگە ئوخشىغان مۇبارەك زاتلارغا باھا بېرىش بىزنىڭ ھەددىمىز ئەمەس، ئەمما ئۇلارنىڭ يۈرەك قانلىرىنىڭ ھەربىر تامچىسى ″ۋاپا″، ″ۋاپا″ دەپ سوقاتتى. ئالدىغان بولساق، ئەينى ۋاقىتتا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ھىجرەت قىلغاندا، ئائىلىسى مەككىدە قالغان ئىدى، شۇنىڭدەك ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇللاھ يېنىدا ئەمەس ئىدى. توغرىسى، ئۇ دەۋردە ھىجرەتكە ئاتلانغانلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆڭۈل بەرگەن داۋاسىغا بولغان ۋاپا تۇيغۇسى

① ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكلىرى، ياكى «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر. (سۈرە ئەئراف، 172 ۋە 173 ئايەتلەر)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىلەن بارلىقىنى، ھەتتا قېنىنى پىدا قىلىشتىن باش تارتمىغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئازغىنا ۋاقىتتا دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك ئۈممەت بولۇپ تونۇلدى.

مانا بۈگۈن "ۋاپا" ئاشۇلاردەك يېڭى نەسىل ۋە ئەزىمەتلەرنى كۈتمەكتە. ئۇلار شۇنداق ئەزىمەتلەركى، خورما ياغىچىدەك ئىچ - ئىچىدىن يىغلىيالايدىغان[①]، ئۇھۇد تېغىدەك تىترەلەيدىغان[②]، رىزۋان كۈندىكىدەك ھەزرىتى ئوسماننىڭ كەبىنىڭ ئالدىغىچە كېلىپ: "رەسۇلۇللاھ تاۋاپ قىلماي تۇرۇپ، مەن تاۋاپ قىلارمەنمۇ" دېگەن تۇيغۇ بىلەن، كەئبىنى تاۋاپ قىلماي قايتالايدىغان، شېھىت قىلىنىدىغان كۈنى چۈشىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئوسمان! بۈگۈن بىزمۇ روزىدار، سېنى ئىپتارغا ساقلايمىز» دېگەن دەۋىتىگە "لەببەي" دەپ، ۋىسالغا تەشنا قەلبى بىلەن بوينىنى قىسىپ، ئۆلۈمنى كۈتەلەيدىغان، ھەزرىتى بىلالدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قايتا ئەزان ئوقۇيالمايدىغان، ئەبۇ زەردەك رەبزى دېگەن جايدا ئۆزى يالغۇز ۋىسال تەشنالىقىنى چېكەلەيدىغان ۋاپا ئەھلى ئەرلەردۇر. ۋاپا مانا مۇشۇنداق ۋاپا ئابىدىلىرىنىڭ بولاقلىرىدىن سۇغۇرۇلغىنىدا ئاندىن كۆڭۈللەر ئىقلىمىدا پورەكلەپ ئېچىلالايدۇ. ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت، پەيغەمبەر سۆداسى ۋاپانىڭ جان تومۇرى بولۇشى، قەلبلەرنىڭ بۇ ھېس - تۇيغۇلار بىلەن سوقۇشى، كۆڭۈللەرنىڭ رىتمى بۇ مۇڭ بىلەن تۈزىلىشى كېرەك.

ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش، ئىمانىي ئاساسلارنى، قۇرئانىي ھەقىقەتلەرنى ۋە نەبەۋىي پرىنسىپلارنى لايىقىدا چۈشەندۈرۈش، قوبۇل قىلىپ تەتبىقلاش، دۇنياغا تارقىتىش، موھتاج كۆڭۈللەرگە مەلھەم بولۇش، ئىسلامنىڭ يېڭىدىن تىرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بۈگۈنكى ئۈممەتنىڭ قەلبىدە ۋاپا تۇيغۇسىنىڭ يېڭىدىن بىخلىنىشىغا باغلىق.

بۇ خىل ئاڭ ۋە چۈشەنچىنىڭ

---

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بىنا قىلغان مەسجىدىدە، دەسلەپتە يۆلىنىپ تۇرۇپ خۇتبە سۆزلىگەن خورما ياغىچى بولغان بولۇپ، كېيىنچە جامائەت كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن ئۈچ پەشتاقلىق بىر مۇنبەر ياساتقان. بىر جۈمە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا ھېلىقى خورما ياغىچى خۇددى ھامىلە تۇغقىدەك يەنە بىر رىۋايەتتە بوۋاق بالىنىڭ يىغلىغىنىدەك يىغلاپ كەتكەن. بۇنى كۆرگەن ساھابە كىراملار ئورنىدىن تۇرۇپ خورما ياغىچىنىڭ ئەتراپىدا يىغلاشقا باشلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ خورما ياغىچىنى مۇبارەك قولى بىلەن سىلاپ تەسەللى بەرگەندىن كېيىن يىغلاشتىن توختىغان. (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

② . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىي قاتارلىق مۇبارەك ساھابىلىرى بىلەن ئۇھۇد تېغىغا چىققاندا، تاغ تۇساتتىن تەۋرەپكەتكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "ئى تاغ! تىنچلانغىن! ئۈستۈڭدە پەيغەمبەر، سىددىق ۋە ئىككى شېھىت بار" دېگەن، (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

كۆچتى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ سۆزى بويىچە، ”ھەقىقىي قېرىنداش ۋە سەممى يولداش بولالايدىغان، ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ۋاقىت ئاجرىتالايدىغان، ۋاقتى كەلگەندە قېرىنداشنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئۆز مەنپەئىتىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان، زامانىنىڭ پالاكەتلىرى ئەۋج ئالغاندا، ئۇ پالاكەت ۋە ناچار ئەۋاللارنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىنى پىدا قىلالايدىغان“، بار ئىمكانلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى پۈتۈن دۇنيادا ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىشنى ئۆزىنىڭ دەردى ۋە ئارمانى دەپ بىلەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ روھىدا يېتىلىدۇ.

شۇنداق، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز دەۋاسىغا بولغان ساداقىتى دەۋا يولىدا كۆرسەتكەن پىداكارلىقى نىسبىتىدە بولىدۇ. كۈنىمىزدە تەنتەربىيە دۇنياسىدا تۈرلۈك لوڭقا تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىلىدۇ. گەرچە مۇسابىقە قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ھېچبىرى لوڭقىغا شەخسەن ئۆزى ئېرىشەلمىسىمۇ، لېكىن كوماندىدىكى سەپداشلىرىنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇش ئۈچۈن بار تىرىشچانلىقى بىلەن لوڭقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ، ئەمما بىز مۇسۇلمانلار دەۋايىمىز ئۈچۈن ئاشۇ ئويۇنچىلارغا ئوخشاش زوقمەنلىك بىلەن كۆڭۈل باغلاپ، ئورتاق ھەرىكەت قىلالىغان بولساق كاشكى، ئىسلام ئۈممىتى بۈگۈنكىدەك ئېچىنارلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى. ھالبۇكى بىز مۇسۇلمانلار ئېرىشىدىغان لوڭقىنىڭ بىر ھالقىسى بىزنىڭ قولىمىزدا، يەنە بىر ھالقىسى پەرۋەردىگارىمىزنىڭ رەھمەت قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى ئىسلام ئۈممىتىدە بۇ خىل روھ قالمىغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن قىممەتقاراشلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. دەردىمىزگە دەرمان، ھالىمىزغا ھال بولىدىغان بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمىمىز قالمىدى. دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە يېتىپ ئاشقۇدەك ئىشى، ھەل قىلىمىسا بولمايدىغان ئىچكى ۋە تاشقى دەردلىرى بار. شۇڭا بۇلارنىڭ ھازىر بىزگە قاراشقا، مەسىلىمىزگە كۆڭۈل بۆلۈشتە بىزدىن پايدا ئېلىشقا كۆزى يەتمىسە چولى تەگمەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك بىز ئابدۇقادىر جالالىدىنىنىڭ سۆزى بويىچە، ھاياتلىق مەشغۇلاتىمىزنى تەنھا ئۆزىمىز، ھەمدە ئۆزگىچە يول بىلەن ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمىزنىڭ بىردىنبىر جاۋاپكارى پەقەت ئۆزىمىز، ئۇنداقتا قۇتۇلۇشىمىزمۇ ئۆزىمىز بىلەن بولىدۇ. ئۆز مەشئىلىمىزنى ئۆزىمىز يورۇتۇپ، پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، بۇ يۆنىلىشنى سۆز ۋە ئەمەلىي

www.uyghurkitap.com

ئىش ـ ھەرىكىتىمىز بىلەن قانچىلىك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىلگىرى سۈرەلىسەك شۇنچىلىك نۇر ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ. رەھمەت قولى بىزنى بىز ئىچىدە بوغۇلۇپ قالغان بۇ قورقۇنچلۇق ئېقىن قايىنىمىدىن تارتىپ، قۇتۇلۇش قىرغاقلىرىغا ئېلىپ چىقىدۇ، ئىنشائاللاھ[1].

ئىنسان نەسلىنىڭ رۇزى مىساقتىن بېرى پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىۋاپاسى بار[2]، ئەنە شۇ ئەھدىۋاپانىڭ تەقەززاسى بويىچە پەرۋەردىگارىنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستۈنلۈكى[3] مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىۋى بويىچە ياشاش ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشىغا قاراشلىق. قاچانكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاشۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلالىسا، ئاندىن جانابى ئاللاھمۇ ئۇلارنى باشقا تائىپىلەردىن ئۈستۈن قىلىش ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. مانا جانابى ئاللاھ: {ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن}[4] دېگەن ئايەتتە بۇ نوقتىنى يۇرۇتۇپ بەرگەن. ئەھدىگە ۋاپا قىلماسلىقنىڭ خەتىرى ھەققىدە ھەزرىتى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جانابى ئاللاھ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمىغان كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە دۈشمەنلىرىنى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ» دېگەن بولسا، ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە: «قىيامەت كۈنى جانابى ئاللاھ ئىنسانلارنى مەھشەرگە توپلىغاندا، ۋاپاسىزلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر بايراق تىكلىدۇ ۋە: ″بۇ پالانىنىڭ ئوغلى پالانىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدۇر″ دېيىلىدۇ» دېگەن.

دېمەك، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، بولۇپمۇ جانابى ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىمىزگە ۋاپا قىلىش ئۈستىمىزدىكى ئەڭ ئېغىر مەسئۇلىيەتلەردىن بىرىدۇر. ئىنسان بۇ مەسئۇلىيەتنى ۋاقتى كەلگەندە ھاياتى بەدىلىگە بولسىمۇ ئادا قىلىشى لازىم. جانابى ئاللاھنىڭ مۆئمىنلەردىن كۈتىدىغىنىمۇ بۇ تۈيغۇدىكى ۋاپا روھىدىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قۇرئان كەرىمدە مۇنۇ ئايەت نازىل بولغان: {شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، (جىھاد

---

[1] ″ئۈممەت نۇرى″ شەرقىي تۈركىستان ژورنىلى 3 ـ سانىغا قاراڭ.

[2] سۈرە ئەئراف، 172 ۋە 173 ئايەتلەرگە قاراڭ!

[3] {ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر} (سۈرە ئال ئىمران، 139 ـ ئايەت).

[4] سۈرە بەقەرە، 40 ـ ئايەت.

قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار ، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر» ، شۇڭا «ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە ئەلۋەتتە سوئال-سوراق قىلىنىسىلەر}[①].

بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئىنسان جانابى ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ئاسىيلىق قىلمىغان مۇددەتچە جانابى ئاللاھ ئەسلا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

بۈگۈن زامانىمىزنىڭ پالاكەت چاقى ئايلىنىپ كېلىپ بىشىمىزغا چۈشتى، دىيارلىرىمىز چۆلدەرەشكە، كۆڭۈل بوستانلىرىمىز قۇرۇشقا، دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىمىز يوقۇلۇشقا ۋە نەسلىمىز مۇنقەرز بولۇشقا باشلىدى. دېمەككى، بىز بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئەڭ بەختسىز ئىنسانلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئىنسانلىقنىڭ ئىزناسى قالمىغان بىر دۇنيادا، قەلبىدە زەررىچىلىك ۋاپا تۇيغۇسى بولمىغان ئۆلۈك روھلار ئالىمىدە ياشاۋاتىمىز. بۇنداق زۇلمەتلىك كۈندە، ساغلام ۋاپا تۇيغۇسى بىلەن قەدەم ئېلىپ، جۇشقۇن روھ، تەۋرەنمەس ئىرادە ۋە مۇستەھكەم قەدەم بىلەن دىنىمىز، ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىز ئالدىدىكى ۋاپا بۇرچىمىزنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم. دەرھەقىقەت، دۈشمەن بىزنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، قەلبىمىزگە زەھەرلىك نەشتىرىنى سوقتى. قەلبىمىزگە ئۇرۇلغان بۇ نەشتەر پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى قاپلىدى، پۈتۈن ئورگان ۋە ئەزالىرىمىز كاردىن چىقىش ئالدىدا، ئىگراۋاتىمىز، جەددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ تېز كېلىشىگە تەشنا بولۇپ، كۆزلىرىمىز خىرەلىشىپ، كۆڭۈل ئاسمىنىمىزنى تۇمانلار قاپلاپ كەتتى.

ۋاپا سۆز ۋە ئەمەلىيىتىمىز، بەدەن ۋە روھىيىتىمىز بىلەن يۇغۇرۇلىشى لازىم. گەرچە ۋاپادارلىقنىڭ ئالامىتى ئىنساننىڭ سۆز ۋە ھال-ھەرىكىتى بىلەن نامايان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ماھىيەتتە كىشىنىڭ قەلب ئالىمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ، خۇسۇسەن بىزدەك كۆزى ياش، دىلى سۇنۇق ئىنسانلارنىڭ ۋاپاسىزلىققا تاقىتى يوق. بولۇپمۇ، دىنىي قېرىنداشلىقى ۋە ئىرقىي تۇققانچىلىقى بولغان كىشىلەرنىڭ ۋاپاسىزلىقى تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، ئۈستىگە تۇز سەپكەندىنمۇ ئاچچىق ئەلەم قىلىدۇ. شۇڭا «الجزاء من جنس العمل» (يەنى ئىش-ئەمەللەرنىڭ جازاسى ئۆز جىنسىدىن) دېگەن قائىدىگە ئاساسەن، ھەر ئادەم باشتا ئۆزىگە: "ۋاپا مېنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتىم،

[①] سۈرە ئىسرا، 34 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئىقتىسادىي مەجبۇرىيىتىمدۇر. مېنىڭ باشقىلاردىن پەرقىم ۋاپادارلىقىمدا، كىم نېمە دېسە ـ دېسۇن، قانداق ئەسلىسە ـ ئەسلىسۇن، لېكىن مېنى ئەسلىگىنىدە: "ۋاپا ئەھلىدىن ئىدى" دېيىشى كېرەك. مەن بۇ سالاھىيەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىقىم لازىم، بۇ مېنىڭ كىملىكىم ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىم» دېگەن تەلەپنى قويماي تۇرۇپ، باشقىلاردىن ۋاپادارلىق كۈتۈش ۋە ۋاپاسىزلىقىدىن ئاغرىنىش ھەققى بولمايدۇ.

ئەنە شۇنىڭدەك، ۋاپا شەربىتى بىلەن سۇغۇرۇلغان قېرىنداشلىق مەھشەردە ئەرشىنىڭ سايىسىدىن بەھرىمەن بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بۇ سالاھىيەتكە ئىگە بولغانلارنىڭ يەنە بىر ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇلار دۇنيادا ئاللاھ يولىدىكى دوستلۇق شەربىتىنى قانغۇچە ئىچىپ مەست بولغان، ۋاپاتىنى ۋاپا بىلەن زىننەتلەپ، كۆز ياشلىرى بىلەن ھىجران ئەلىمىنى ھېس قىلغان، يىلدا بىر نۆۋەت "ۋاپا كېچىسى" ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ئارقىدىن ئۇنتۇپ كەتمەي، ھايات چېغىدا سەۋداسى بولغان دەۋا ۋە ئىدىيەسىنى مەڭگۈلەشتۈرگەن، ھەتتا جەننەت دەرۋازىسى ئالدىدىمۇ "باشتا سىز مەرھەمەت قىلىڭ" دېيەلەيدىغان سەۋىيەدە سەۋدالانغان ۋاپا ئابىدىسى شەخسلەردۇر. مانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «اَلْمَرْؤُ مَعَ مَنْ أَحَبَّ»[1] (ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن بىرگىدۇر) دېگەن مۇبارەك سۆزىنىڭ سىرىمۇ بۇ بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە.

ۋاپادارلىق ئەسلىدە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆز ئالدىدا يېتىشكەن بۈيۈك ۋاپا ئابىدىلىرىنىڭ مىراسى ئىدى، لېكىن بۈگۈنكى ئۇممەتتە بۇ خاراكتېرنىڭ ئىزنى قېزىپمۇ تاپقىلى بولمايدۇ، ھەتتا ئۆز پۇشتى ـ جەمەتىگە يەتكەن دەرت ـ ئەلەم ۋە مۇسىبەتلەرگە قارىتا قىلچە تەۋرەپ قالمايدىغان، ئەمما بىر تىيىنلىق مەنپەئەتكە زىيان يەتسە يۈرەك كېسەللىكى قوزغىلىپ تەۋرەپ كېتىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇڭا بىز دەسلەپكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلىرىدىن قالغان بۇ مىراسنى كۆڭۈل دۇنيايىمىزدا قايتىدىن جانلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا بولغان ۋاپا بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشقا، جانابى ئاللاھنىڭ {ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر}[2] دېگەن ئايىتىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى كۆڭۈل ئېكرانىمىزدا داۋاملىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ روھىنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] سۈرە ئىسرا، 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



# ئەخمەتنىڭ ھېكايىسى

ئابلىكىم ئابدۇغوپۇر

مەن بىر ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن نۆۋەتتە مىللىتىم ئۇچراۋاتقان زۇلۇمغا سۈكۈت قىلسام ياكى قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشلاردىمۇ ھەمدەم بولماسلىق ئىپادىسىنى بىلدۈرسەم، مىللىتىم ۋە ۋەتىنىم ئالدىدا قارا يۈزلەردىن بولمامدىمەن؟ دەپ ئىشىكنى جالاققىدە يېپىۋېتىپ چىقىپ كەتتى ساۋاقدىشىم ئەخمەت. گەرچە ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن ئۇنچە يېقىن دوستلاردىن بولمىغان بولسامۇ، ۋىجدانلىق، غورۇرلۇق ۋە ئوقۇش نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. بۈگۈن تارىخ دەرسىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا: ھازىر سىياسەت ئۆزگىرىشچان بولىۋاتىدۇ، ئوقۇغۇچىلار كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن بەزى ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقى، ئەقىللىق بولىشى كېرەك. تارىخىمىزدىكى ئاچچىق ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، سىياسەتكە ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم. دېگەن سۆزىگە دەرھال ئىنكاس بىلدۈرەلىگەن بىردىنبىر ئوقۇغۇچى ئۇ ئىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئەخمەتكە خىلمۇ-خىل قاراشلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى، بەزىلەر: ئۇنىڭ ئائىلىسى سىياسىي ئائىلە ئىكەن، ھازىر تەربىيىلىنىۋېتىپتۇ دېسە، يەنە بەزىلەر: چوقۇم بۇنىڭدىمۇ مەسىلە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بار، ۋاقتى كەلگەندە تەشكىلگە مەلۇم قىلىپ بولسىمۇ بۇ ئىشنى ھەل قىلىش لازىم. دەپ قارايتتى، شۇ سەۋەپتىنمىكىن كۆپ دەرسلەردە ئۇنىڭ ئورنى بوش قېلىۋاتاتتى، ھەر دەرستە كۆزگە كۆرۈنىپ تۇرىدىغان، قايىل قىلارلىق جاۋاپلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى مۇئەللىمنىڭ: مۇشۇنىمۇ بىلمىدىڭلارمۇ؟ سىلەر قانداق ئوقۇغۇچى؟ دېگەندەك تاپا ـ تەنىلىرىدىن قوتۇلدۇرىغان ئەخمەتنى بارا ـ بارا مەكتەپتە كۆپ كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، گەرچە كۆز ـ قاراش ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن بەك ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ئەسلىشىپ تۇراتتى. ھەي ئەخمەت بولغان بولسا بۇ مەسىلىنى يېشىۋېتەتتى، دەپ سالدى بىركۈنى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىمىز... شۇنداق قىلىپ ۋاقىت ئۆتىۋەردى...

بىر كۈنى مەكتەپ ئالدىدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈشۈمگىلا ئۇنى مەكتەپتىن چىقىۋاتقان ھالدا كۆرۈپ قالدىم، چىرايىدىن ناھايىتى جىددىي بىر كەيپىيات چىقىپ تۇراتتى، چاقىرىپ بولغۇچە بىر تاكسىغا چىقىپلا كېتىپ قالدى، بۇقەيەرگە ماڭغاندۇ؟ بىر خىللا تۇرىدىغۇ؟ دېگەندەك سوئاللار كاللامغا كەلدى دە، دەرھال تاكسى توسۇپ ئارقىسىغا چۈشتۈم، نىمىشقا ئارقىسىغا چۈشتۈم؟ نېمە ئىشلار بولىۋاتىدۇ؟ بۇ مېنىڭ نېمەمتى؟ دېگەندەك سوئاللارنى ئۆزۈمدىن سوراشقا باشلىدىم ۋە ئاخىرىدا ۋىجدانلىق بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن بولسا، پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە كەلگەن بولىدۇ، قاراپ تۇرسام بولمايدۇ. دەپ ئويلىدىم، ۋە ئۆزۈم قانائەتلەنگەن بولدۇم، تاكسى ئاق قۇۋۇق تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى، پۈتۈن ئەتراپىنى بىر خىل ۋەھىمە قاپلىۋالغان ئىدى، خۇددى بۈگۈنكى ئۆرۈمچى تۈنۈگۈنكىدەك ئىللىق كۆرۈنمەيۋاتقاندەك، قۇياش تۇتۇلۇپ ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق باسقىلى تەمشىلىۋاتقاندەك تۇيغۇلار ئىچىدە كېتىۋاتاتتىم، تاكسى ئاخىرى بىر كىچىك كوچا ئېغىزىدا توختىدى ـ دە، ئەخمەت كوچىغا كىرىپ كەتتى، مەنمۇ تاكسىنى چانمىغۇدەك جايدا توختاتقۇزۇپ ھېساۋاتنى قىلىپ يولغا سالدىم ـ دە، ئاستا كوچىغا كىردىم، ئەخمەت كۆزۈم يەتكەن يىراقلىقتا كېتىۋاتاتتى، ئىلىۋاتقان قەدەملىرى ۋە كېتىۋاتقان تۇرقىدىن خۇددى قېرىندىشى ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ دوختۇرخانىغا ئالدىراپ كېتىۋاتقان كىشىدەك جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى، مەنمۇ خۇددى ۋوللىۋودنىڭ جاسۇسلۇق فىلىملىرىدىكىدەك ئىزىغا چۈشۈپ بىردەم ئوڭ تەرەپكە، بىردەم سول تەرەپكە مۆكۈپ كېتىۋاتاتتىم، بىر ھازادىن كېيىن ئۇ قىزىل تۆمۈر دەرۋازا بېكىتىلگەن ئادىدىغىنا بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، مەنمۇ قەدەملىرىمنى دەرھال توختىتىپ ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم، ئىككى تەرەپكە ئەنسىزلەرچە قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىچىگە كىرىپ كەتتى، مەنمۇ ئالدىراپ كېلىپ ئارقىسىدىن كىرمەكچى بولدۇم، لېكىن

ئىشىك تاقاق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاستا ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتۇپ قارىسام كىچىك بىر دەرىزىنى كۆردۈم، دېرىزىگە ئېچىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازلارنى ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە يېقىنلاشتىم ۋە ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازلارنى ئاڭلاشقا باشلىدىم ...

قېرىنداشلار ! بۈگۈن بىز سۆكۈت قىلساق كەلگۈسى ئەۋلادلار بىزگە لەنەت ئوقۇيدۇ، ۋەتەن بىزنىڭ ئانىمىزغا ئوخشايدۇ، ھەتتا ئانىمىزدىنمۇ قىممەتلىك، چۈنكى ئۇ ھەممىمىزنىڭ، پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانىسى! ئۇنى قوغداش، ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن نۆۋەتتە كەلسە جېنىمىزنىمۇ قۇربان قىلىش ھەققىي بىر ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتى. سەن كىم بولىشىڭدىن قەتئىينەزەر ئۆزۈڭنى بۇ ئۇلۇغۋار بۇرچىدىن قاچۇرساڭ بولمايدۇ. خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن 70 يىلدىن بېرى قايسى ئەركىنلىكىمىزگە يول قويدى؟ قايسى ھەقلىرىمىزنى بىزگە تولۇق بەردى؟ ۋەتىنىمىزنىڭ قايسى ئەۋزەللىكىدىن خىتاي پايدىلانماي تۇرۇپ بىز پايدىلىنىپ باقتۇق؟ قانچىلىك پايدىلاندۇق؟ ئانا ۋەتەن قويندا ھەركۈنى دېگۈدەك قانچىلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇر پەرزەنتى تۈرمىلەردە يېتىۋاتىدۇ؟ قانچىلىغان ئاۋانگارت ئەزىمەتلەر ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئۆلتۈرىلىۋاتىدۇ؟ ھازىر مانا مۇشۇ ۋاقىتتا پۈتۈن ۋەتىنىمىزدە 3 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم «تەربىيەلەش مەركىزى» نامىدىكى جازا لاگېرلىرىدا يېتىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ نارەسىدە باللىرى، ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانىلىرىمۇ بۇ ۋەھشىيانە زۇلۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى، خىتاي 2030-يىلغىچە پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىماقچى بولىۋاتىدۇ، بىز بۇنىڭغا قاراپ تۇرساق بولامدۇ؟ ئانا ۋەتىنىمىزدە قان-قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نابۇت قىلىنىشىغا يەنە سۆكۈت قىلامدۇق؟ ياق ياق ياق... بىز ئانا ۋەتىنىمىزنى قوغداشقا قەسەم قىلىمىز، ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمىز قالغۇچە ۋەتەن ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن كۈرەش قىلىمىز، ۋەتەن ساڭا جېنىمىز پىدا بولسۇن! ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!... سادالىرى ئىچىدىن ياڭراۋاتاتتى، مەن دېرىزە تۈۋىدە ئۆزۈمنى باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېسسىياتتا كەلدىم، بۇ ئاۋازلاردا مېنىڭ قەلبىمدىكى بەزى سوئاللارغا جاۋاپ چىقىۋاتاتتى، ئاستا دەرىزە تۈۋىدىن ئايرىلىپ مەكتەپكە قاراپ يول ئالدىم، ئەمما ئۇ ئاۋاز قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇراتتى...

ماتېماتىكا مۇئەللىمىم سۆزلەۋاتاتتى، ئەمما ھېچنىمىنى چۈشەنمىدىم، دىققىتىمنى يىغالمايۋاتاتتىم، تارىخ ئوقۇتقۇچۇمدىن دەككە يېدىم، جۇغراپىيەدە مۇئەللىم تۇنجى قېتىم مېنى نوقۇدى... دېگەندەك بولۇپ بۈگۈن بىر كۈنلۈك دەرس قۇلاق تۈۋىمدە جاۋاڭلاۋاتقان ئۇ ئاۋاز بىلەنلا ئۆتتى،

www.uyghurkitap.com

دېمىسىمۇ ھەق سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم. 70 يىللىق تازىلاش نەتىجىسىدە بىز ئەۋلادلاردا نە ۋەتەن، نە مىللەت سۆيگۈسى، نە كەلگۈسى غايە قالدى دەيسىز، كاللىمىزدا پەقەت ياخشى ئوقۇپ ياخشى نەتىجە قازىنىپ، كېيىن ياخشى خىزمەتكە ئورۇنلىشىشتىن باشقا خىيال يوق ئىدى، بۈگۈن مانا ماڭا نىسبەتەن ئاجايىپ بىر كۈن بولغان ئىدى، بەلكىم ھاياتىمنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم، چۈنكى گەرچە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەتراپىمىزدىن ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ دادىلىرى ياكى ئانىلىرى ۋە ياكى ئاكىلىرىنى ئەكىتىپتۇ، پالانچىنىڭ دادىسىنى 15 يىللىق كېسىپتۇ، پوكۇنىنىڭ دادىسىنىڭ جەسىتىنى بەرمەپتۇ دېسە، نىمىشقىدۇر ئۆزىمىزگە كەلمەيدىغاندەك، كەلمىگىنىدىن خۇشال بولىۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئۆزىمىزنىڭ ياخشى تەدبىر ئالالىغانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىپ يۈرىۋاتقان، بىر كىشىلىك شەخسى ھاياتىمىزغا بەنت بولغان ھالدا ياشاۋاتقان ئىكەنمىز، ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئەركىن ئازادە ياشاشقا ھوقۇقلۇق كىشىلەر ئىكەن، مەن بۇلارنى ھېس قىلىشقا، ئەقلىمنى بۇلغىۋەتكەن كوممۇنىست تەربىيىسى پەيدا قىلغان قارا داغلارنى يۇيۇشقا باشلىغان ئىدىم.مۇشۇ ئوي-خىياللار ئىچىدە نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى...

بىر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا مەن دادامدىن سورىدىم:

دادا، بىزنىڭ نىمىشقا ئۆزىمىزنىڭ دۆلىتى يوق؟ خىتايلار نىمىشقا بىزگە باشلىق بولىدۇ؟ مەكتەپلەردە نىمىشقا ئۆز ئانا تىلىمىزدا دەرس ئوقۇتۇلمايدۇ؟ ھەدەپ تاماق يەۋاتقان دادام، ئاكام ھەتتا ھېچ ئىشقا ئېرەن قىلمايدىغان ئاچاممۇ توختاپ قالدى ۋە ئۈستەلنى بىر خىل سۈكۈت قاپلاپ كەتتى. مەن : نىمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟ مەن خاتا گەپ قىلدىممۇ يە؟ دەپ سۆزۈمنى قايتىلىدىم. دادام تاماقنى تاشلاپلا چىقىپ كەتتى، خۇددى كونا بىر يارىنى تاتىلاپ قويغاندەك قىلاتتىم، ئارقىدىن ئاچاممۇ چىقىپ كەتتى، پەقەت ئاكام ئىككىمىزلا قالدۇق، ئاكام گەرچە كۆپ ئوقىيالمىغان بولسىمۇ، تىجارەتچى بولغاچقا ئارىلىشىدىغان ئادەملىرى كۆپ، بىلىدىغانلىرىمۇ جىق ئىدى، ئۇ ماڭا : ئۇكام، كۆپ ئويلاپ كېتىپسەن، سەن تېخى كىچىك، بۇ سوئاللارنى ئىككىنچى تىلغا ئالما! كىين چۈشىنىپ قالىسەن، ھازىر ياخشى ئوقۇ. دېدى.

مەن قايتۇرۇپلا : ۋەتىنىم بولمىسا، ئەركىنلىكىم بولمىسا ياخشى ئوقۇغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ ئاچچىقلاپ تۇرۇپ : سەن كىچىك بولغاندىكىن دېگىنىمنى قىل! ئارتۇق ئىشقا ئارلاشما! قارا، قوشنىمىزنىڭ سەنبىلەن تەڭ ئوغلى مۇسانى ساقچىلار ئەچىقىپ كەتكىلى ئۈچ كۈن بوپتۇ، ئانىسىنىڭ ئەھۋالى ناچار، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ، ساڭمۇ بىر ئىش بولسا دادام قانداق بولۇپ كېتىدۇ؟ ئويلاپ

باقتىڭمۇ؟ دەپ تازا تۇۋلىدى.مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ: باشقىلارغا كەلگەن كۈن بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ كېلىدۇ شۇ، قاچانغىچە قاسساپنىڭ بىكار بولىشىنى كۈتۈپ تۇرغان قوتاندىكى قويلاردەك ياشايمىز ئاكا؟ ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئىبرەت ۋە نەسىھەت ئالمايمىزمۇ؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈننى بېشىمىزغا كەلمىسۇن دېسەك، ئۇ دۈشمەننى يوقىتىش كېرەك ئەمەسمۇ؟ دېدىم، بۇ تۈنجى قېتىم ئاكامغا بۇ خىل شەكىلدە گەپ قىلىشىم ئىدى، ئاكامنىڭ كۆزلىرىدىن تامچە تامچە ياشلار تاراملاپ چۈشۈشكە باشلىدى، بولدى قىل دېدى-دە، ياشلىرىنى يوشۇرغان ھالدا، ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۈستەلدىكى تاماقلار شۇ پېتى قالغان ئىدى، مەن تاماقلارغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتىم، بۇ گەپلەرنى دېمىگەن بولسامچۇ كاشكى، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ قويدۇم، دەپ ئۆزۈمنى ئەيىپلىگۈم كەلدى دە، ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ كەتتىم، ئۇ كېچىسى قانداق ئۇخلاپ قالدىم، نېمە چۈش كۆردۈم ھېچنېمە ئېسىمدە يوق ئىدى، ئەمما بەكلا بىئارام ۋە ھارغىن ئويغانغان ئىدىم، ئەتىسى ئەتىگەندە ناشتا قىلغۇممۇ كەلمىدى، كىيىملىرىمنى كىيىپ مەكتەپكە ماڭاي دەپ تۇرسام ئىچىدىن دادامنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن دادامنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردىم، دادامۇ ئاخشامقىدىن خېلىلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈۋاتاتتى، ئاخشامقى سۆزلەر دادامنىمۇ بىئارام قىلىپ ئۇخلاتمىغان بولسا كېرەك، دادام مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: ئوغلۇم، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، پىكىرلىرىڭمۇ كۈندىن-كۈنگە ئۆتكۈرلىشىۋاتىدۇ، مەن سېنىڭ كەلگۈسىدە ۋەتەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى خىزمەتلەرنى قىلالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن، مۇشۇ زېرەكلىكىڭنى ۋەتەن، مىللەتكە ئاتىيالايدىغان ۋە ئەقىل-پاراستىڭ بىلەن دۈشمەنلىرىڭنى يەر بىلەن يەكسان قىلالايدىغان بىر پەرزەنت بولىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنداق قىلساڭ سەندىن رازى بولىمەن ۋە سېنى ئاخىرقى نەپسىمگىچە قوللايمەن. ئەمدى مەكتەپكە ماڭغىن. دەپ نەسىھەت قىلىپ يولغا سالدى. دادامنىڭ بۇ گەپلىرىدىن كېيىن قەلبىم باشقىچە يورۇپ كەتتى، تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتىم ۋە بۇ سۆزلەرنى ماڭا بىر ئۆمۈر ھايات ميزانىم بولىدىغانلىقىنى قەلبىمگە پۈكتۈم ۋە ئىنتايىن خۇشال ھالدا مەكتەپكە ماڭدىم.

كۈنلەر مۇشۇ شەكىلدە داۋام قىلدى، دەرسلەر ئاخىرلىشىپ ئىمتىھانغا نەچچە كۈنلا قالغان ئىدى، مەنمۇ ئالدىراش ئىمتىھان تەييارلىقلىرى بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرۈۋاتاتتىم، چۈنكى تولۇقسىز 3-يىللىق ئىمتىھانى مەكتەپ ئالمىشىدىغان ئىمتىھان بولغاچقا، ھەممىمىزگە بېسىم چۈشۈرگەن ئىدى، ئەڭ ياخشى، ئىلغار مەكتەپلەرگە قۇبۇل قىلىنىش ئۈچۈن بار كۈچىمىزنى چىقىرىپ ئۆگىنىش قىلىشىمىزغا توغرا كېلەتتى، بۇنداق مەزگىللەردە مەكتەپ كۈتۈپخانىسى خىتاي كۆچمەنلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تولۇپ كېتىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسەن دېگۈدەك ئورۇن چىقمايتتى، ھەم چىققان تەقدىردىمۇ باشقۇرغۇچىلار بۇ ئورۇنلارنى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا يېزىپ بەرمەيتتى، بوش قالغانلىقىنى ئېيتساقمۇ، ھازىر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىزنى يولغاسالاتتى، شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار سىرتتىكى كۈتۈپخانا ياكى قەھۋەنلاردا ئۆگىنىش قىلىشقا مەجبۇر بولاتتۇق، بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەتراپىدا «يۇرتۇم قەھۋەخانىسى»نىڭ بىر تارمىقى ئېچىلىشى بىلەنلا، بىزنىڭ سىنىپتىكى ھەممە ساۋاقلاشلار دېگۈدەك مۇشۇ يەرگە كېلىپ تەكرار قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، ئىمتىھان مەزگىلىدە بۇ يەر بىزگە تازىمۇ ئەسقاتتى، قەھۋەخانىنىڭ ئازادە مۇھىتى، تىپىك ئۇيغۇر مىمارچىلىق ئۇسلۇبىدا بېزىلىشى ۋە مۇلازىملارنىڭ ئانا تىلىمىزدا مۇلازىمەت قىلىشلىرى بىزنى بۇ يەرگە تېخىمۇ جەلپ قىلغان ئىدى، بىر كۈنى يېغىلىپ تارىخ دەرسىنى تەكرار قىلدۇق، تارىخ كىتابىمىزدىكى ″شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى″... دېگەن يېرىگە كەلگەندە مەن چىدىمىدىم دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ: ساۋاقداشلار! بىز تارىخنى نېمە ئۈچۈن ئوقۇيمىز؟ دەپ سورىدىم، بەزىلەر: تارىخىمىزنى بىلىش ئۈچۈن، يەنە بەزىلەر: ئاچچىق ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن... دېگەندەك جاۋاپلارنى بەردى،

ـ ئۇنداقتا ئوقۇۋاتقان تارىخىمىزنىڭ چىنلىقى ئىنتايىن مۇھىم، بەلكىم بىزگە خاتا مەلۇماتلار يەتكۈزۈلۈۋاتقاندۇ؟ بەلكىم بىز بىلگەن ئىشلار تارىختا ھېچ يۈز بەرمىگەن بولىشى مۇمكىن، بۇنى ئېنىقلاپ بېقىشىمىز، ئەڭ توغرا ۋە چىن تارىخنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. شۇنداققۇ؟ دېدىم، بۇ گېپىمنى ھەممەيلەن قوللىدى ۋە تارىخىمىزنى يېڭىدىن ئۆگىنىدىغان بولدۇق، ئەمما بۇ ئىشلار مەخپى ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى، بەلكىم ئەتراپىمىزدا خىتاينىڭ جاسۇسلىرى بولىشى، پىلانىمىزنى سۇغا چىلاشتۇرۇشى مۇمكىن ئىدى، ئۈچ يىل بىللە ئوقۇپ، بىللە دەرس تەكرارلاۋاتقان بۇ 11 ساۋاقداش بىر ـ بىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى چۈشىنىشەتتۇق، شۇ سەۋەپتىن ھەر ئايدا بىر قېتىم يېغىلىدىغان، ئارىمىزغا سىرتتىن ئادەم قوشمايدىغان، بۇ ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىمگە تىنمايدىغان بولۇپ ۋەدە بېرىشىپ قايتتۇق، بۈگۈن شۇنداق ئاجايىپ تاتلىق بىر تۇيغۇدا قايتىۋاتاتتىم، بەلكىم كۆڭلۈمدىكى بەزى سىرلارغا جاۋاپ تاپالايدىغان بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇنچە خۇرسەن بولغان بولسام كېرەك، ئەمما پۇتلىرىم يەرگە تېگەي ـ تەگمەي دېگۈدەك كېتىۋاتاتتىم، خۇشاللىق ۋۇجۇدۇمنى قاپلىۋالغان ئىدى.

ئىمتىھانلار ئاخىرلىشىپ تەتىلگە قويۇپ بېرىلىدىغان كۈنمۇ يېتىپ كەلدى، ئەمدى ھېلىقى كۈنى ۋەدىلەشكەن ئىشنى باشلايدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت بولغان ئىدى، تەتىلدە يۇنىڭدىنمۇ مەنىلىك يەنە قانداق ئىش بار دەيسىز، بىز ئۆزئارا

دېيىشىپ يۇرتۇم قەھۋەخانىسىدا ئۇچرىشىدىغان، ئۆزىمىز تاپالىغان ماتېرىياللارنى ئېلىپ كېلىدىغان بولدۇق، ھەممەيلەن ئىنتايىن خۇشال كۆرۈنەتتى، ئۇلار تەتىلگە چىققانلىقى ئۈچۈن خۇشالمۇ ياكى تارىخىمىزنى ھەقىقىي ئوقۇماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن خۇشالمۇ؟ بىلەلمىدىم، ئەمما خىتاي تىللىق مەكتەپلەردە، خىتاينىڭ تەربىيىلىشى ۋە قاتتىق كۆزىتىشى ئاستىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر باللىرىنىڭ بۇنداق ئېچىلىپ كۈلگىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى، بۇ ماڭا يېڭىچە بىر تۇيغۇ ئاتا قىلدى، دېيىشكەن كۈنمۇ تېزلا يېتىپ كەلدى، ئۇستى بېشىمنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئۆيدىن چىقاي دەپ تۇرسام دادام ئىشتىن قايتىپ كەلدى دە - ۋوي يىگىت! بۈگۈن قالتىسقۇ؟ بىرەر سورۇن بار ئوخشىمامدۇ؟ دەپ سورىدى. مەنمۇ يوشۇرمايلا: ھەئە دادا، بۈگۈن ساۋاقداشلار بىلەن يىغىلىپ تارىخ دەرسى ئوقۇماقچى بولغان ئىدۇق، شۇ يەرگە ماڭدىم. تارىخ دەرسى؟ ھازىر تەتىل تۇرسا، قانداق دەرس ئوقۇيسىلەر؟ دەپ سورىدى. ھە دادا، سەن بىلمەيسەن، بۇ بىز ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۆزئارا ئورۇنلاشتۇرغان دەرس، بىز ئۆزىمىزنىڭ تارىخنى، توغرا ۋە چىن تارىخنى ئۆگەنمەكچى... دېدىم. بۇ گەپنى ئاڭلاپ دادامنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: ماشائاللاھ! بەك ياخشى بوپتۇ، تارىخىمىزنى ياخشى ئۆگىنىپ ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى تونۇشىمىز كېرەك، شۇندىلا باشقىلار بىلەن بولغان پەرقىمىزنى ئېنىق ئايرىۋالالايمىز، ئەمما ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇڭلار، تامنىڭمۇ قۇلىقى بار جۇمۇ، بوپتۇ بالام، بارغىن! دېدى. مەنمۇ دادام بىلەن خوشلىشىپ بۇ گەپلەردىن سۆيۈنگەن ھالدا يولغا چىقتىم. يول بويى نېمە يېڭىلىقلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، قايسى مەسىلىلەرنىڭ ئايدىڭلىشىشى ھەققىدە ئويلاپ بىردەمدىلا قەھۋەخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن، دېرىزىدىن ئىچىگە قارىدىم، بىزنىڭ باللامۇ كېلىپ بولغان ئىدى، ئۇلار خۇددى چۇجىلەردەك قىنىشىماي ۋىچىرلىشىپ پاراڭلىشىۋاتاتتى، مەن ئۇلارغا قاراپ زوقلىنىپ: مەڭگۈ مۇشۇنداق ئىناق ساۋاقداشلاردىن بولۇپ ئۆتكەيمىز. دەپ ئىچىمدە دۇئا قىلدىم ۋە قەھۋەخانىغا كىردىم، ھەممەيلەن بىلەن بىرەر قۇر سالاملاشقاندىن كېيىن دەرس ھەققىدە پاراڭلىششقا باشلىدۇق، ھەممەيلەن ئۆزى تاپالىغان تارىخ كىتابىنى قوللىرىدا كۆتۈرۈشۈپ، تەرىپلىشىپ تۇراتتى، ئاخىرىدا تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار»، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق ئىككى كىتاپ ئارىسىدا دەتالاشتا قالدۇق، ھەر ئىككى كىتاپ بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىغان ئەڭگۈشتەرلىرىمىز ئىدى، دەتالاش ئاخىرى ھەر ئايدا ھەربىرىدىن مەلۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

بۆلەكنى ئوقۇيمىز دېگەن پىكىرگە يېغىنچاقلاندى ۋە كىتابىمىزنى بىسمىللاھ دەپ باشلىۋالدۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ئەجدادى، ئەسلى نەسەبى، قەيەرلەردە ياشىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىزلەرنى تولىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالدى، يىللاردىن بېرى ئاز سانلىق مىللەت ھېساپلىنىپ مۇئامىلە قىلىنىپ، كەمسىتىلىپ ياشاۋاتقان ئەزىز مىللەتنىڭ ئېسىل پەرزەنتلىرى، ئۆزىنىڭ ھەققىي سالاھىيىتىنى بىلگەن چاغدا ھاياجانلانماي تۇرالمىدى، ئارىمىزدا شۆھرەت ئىسىملىك ھەم قاۋۇل، قارام بىر يىگىت بولۇپ، سىنىپىمىزدىكى ئەڭ كۆچتۈڭگۈر ۋە ئەڭ جەسۇر بالا ئىدى، ئورنىدىن تۇرۇپلا: ئاناڭنى خىتايلار! بۇ كەمگىچە بىزنى ئاز سانلىق مىللەت، بىز كېلىپ تەرەققىي قىلدۇردۇق، يىلدا شىنجاڭغا مۇنچىلىك مەبلەغ سېلىندى، كىشى ـ بېشى كىرىمى مانچە پىرسەنت ئاشتى، ئېگىز بىنالارنى بىز تىكلىدۇق دەپ ئالداپ كەپتۇ، ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى يېپىش ئۈچۈن قەدىمدىن مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ كەلگەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى تارىختىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىدى. دەپ داۋراڭ سېلىپ، مىللەتكە ئۇ ئىدىيەنى سىڭدۈرۈپتۇ، شۇنداقمۇ دوستلار؟! مانا بۇ كىتاپلاردا دېيىلگىنى ھەققىي پاكىت، بىز مۇستەقىل بىر دۆلەت!.. دەپ سۆزلەشكە باشلىدى، مەن ئالدىراپ بېرىپلا ئۇنى بېسىقتۇرىۋالدىم ۋە دېدىمكى: ساۋاقداشلار، بىز ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە يىغىلدۇق، بىزنى مۇشۇ كۈنگە چۈشۈرۈپ قويغان دۈشمەن ھەر ۋاقىت سەگەك ھالدا بىزنىڭ خاتالىشىشىمىزنى، شۇ باھانە بىلەن بىزنى يوقىتىپ، ئورنىمىزغا ئۆزىنىڭ نەسلىنى قويۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ئاسان ھاياجانلانماسلىقىمىز كېرەك، ئۆزىمىزگە پۇختا بولۇپ، ھەر جەھەتتىن تەييارلانمىساق بولمايدۇ، ئىنتايىن ئەقىللىق ۋە زېرەك بولايلى، تامنىڭمۇ قۇلىقى بار، ئېھتىياتچان بولايلى، بۇ شەكىلدە بىر مەزگىل داۋام قىلمىساق بولمايدۇ، دەپ تىنچلاندۇرغان بولدۇم. شۇ شەكىلدە بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشىمىز مۇۋەپپىقىيەتلىك بولدى، ھەممىمىز تىنچ ئۆيلىرىمىزگە قايتىشتۇق، بۇ پائالىيىتىمىز ئىككى ئاي بۇ شەكىلدە داۋاملاشقان بولدى، ھەر ئايدا ئورۇن ئالماشتۇراتتۇق، ئۈچىنچى ئايلىق پائالىيەت تەتىللەر ئاخىرلىشىپ دەرس باشلانغان، ھەممىمىز خىلمۇ ـ خىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە كىرگەن ۋاقىتقا توغرا كەلدى، شۇنداق بولسىمۇ ھەممەيلەن ۋاقىتقا رىئايە قىلغان ئاساستا يىغىلدۇق، ناھايىتى ياخشى ئاخىرلاشتى، ساۋاقداشلارنىڭ ساپاسى ۋە تارىخقا بولغان قارىشى ئۆزگۈرۈشكە باشلىغان ئىدى، ھەمدە بارا ـ بارا مۇستەقىللىق تۇيغۇلىرى قوزغىلىشقا باشلىدى، پىكىرلىرى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدە باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى، بىز

ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بارغان بولساقمۇ، ئىپلاس خىتاينىڭ چېقىر كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدۇق، شۇ كۈنى ھەممىمىز يىغلىشىپ ئەمدى باشلايلى دەپ تۇرۇشىمىزغا ئەتراپىمىزنى بىر گۇرۇپ قوراللىق ساقچىلار قورشىۋالدى ۋە ھەممىمىزنىڭ قوللىرىغا كويزا سېلىپ، بېشىمىزغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ يالاپ ئېلىپ ماڭدى، بۇ ئىش تۇيۇقسىز يۈز بەرگەچكە ھەممىمىز ھودۇقۇپ كەتكەن، نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمىدۇق، ئامالسىز ئىدۇق، مۇشۇنداق بولىشنى بىلەتتۇق، ئەمما بۇنچە تۇيۇقسىز بولىشنى ئويلاپ باقماپتىكەنمىز، ساقچىخانىغا بېرىپلا سوراقلار باشلىنىپ كەتتى، رەھبىرىڭ كىم؟ سەن قايسى تەشكىلاتقا تەۋە؟ ساڭا بۇيرۇق قەيەردىن كېلىدۇ؟ نېمە قىلماقچى ئىدىڭلار؟ قايسى يەرنى پارتلاتماقچى؟... دېگەندەك تۇترۇقسىز سوئاللار بىرەر ھەپتە داۋاملاشتى، ئېغىر ئىسكەنجە، قىيىن-قىستاقلاردىمۇ ھېچقايسىمىز بويۇن ئەگمىدۇق، دېگىنىمىز ئوخشاش، قىلغىنىمىز ئوخشاش بولغاچقا كېيىنلىككە قويۇپ بېرىشكە ماقۇل بولۇشقان ئىدى، شۇ كۈنى ھەممەيلەننى قويۇپ بەردى، مېنى ئالغىلى ئاكام چىققان ئىدى، بىز قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتۇق، مەن دادامنى سورىدىم: دادام، دوختۇرخاندا، سېنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىنلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، ئاخىرى بولماي بالنىستا ئالدۇق دېدى، بۇنى ئاڭلاپلا يۈرەكلىرىم لەختە-لەختە بولۇپ كەتتى، مەن سەۋەپلىك يەنە ئائىلەم ئازاپ چېكىپتۇ، دەپ ئۆزۈمنى ئەيىپلەشكە باشلىدىم، بۇ ئەيىپلەش ھەتتا دادام بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرىنى كۆرگىچە داۋاملاشتى، دادام ئورۇقلاپ كەتكەن ئىدى، مەنغۇ ئوبدانلا كىچىكلەپ كەتكەن، يۈزۈمدە، بەدىنىمدە بەزى يارا ئىزلىرى ھېلىھەم بار ئىدى، مېنى كۆرۈپلا: يارايسەن ئوغلۇم، شىرىيگىنىم مېنىڭ! دېدى، مەن سەۋەپلىك شۇنچە ئازاپ چېكىپمۇ يەنە ئاغرىنماستىن ئوغلىنى ماختاۋاتقان بۇ دادىغا كۈچ-قۇۋۋەت قەيەردىن كېلىۋاتقاندۇ؟ دەپ ھەيران قالدىم، دادام بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشقاندىن كېيىن قالىمەن دېگىنىمگە ئۇنىماستىن مېنى ئۆيگە يولغا سالدى، مەنمۇ ئامالسىز ئۆيگە قايتتىم، كەچلىك غىزادىن كېيىن ياتىقىمغا كىرىپ ئويلىنىشقا باشلىدىم: بىز زادى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ مۇستەقىللىق ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىشىمىز لازىم؟ ھەم بىز ھازىر نېمە قىلالايمىز؟ كېچە مۇشۇ ئۈچ سوئال بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ھاياتىم باشقىچە ئۆزگىرەتتى، بىر قېتىم تۇتۇلغان دېگەن نام بىلەن مەكتەپتە ئوقۇش قىيىنغا چۈشەتتى، ئەمما بىلىمسىز قېلىشقا بولمايدۇ دە، شۇنىڭ ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىپ سەھەردە مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن تەييارلاندىم، ناشتىلىقىمنى قىلىپ بولۇپ مەكتەپكە ماڭدىم، مەكتەپكە كېلىشىمگىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەممە ئادەم ماشىنا قاراۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم، بەزىلەر ماڭا ئىشارەت قىلىۋاتاتتى، يەنە بەزىلەر قاراپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈۋاتاتتى، ئەمما مەن ناھايىتى تەمكىن ھالدا قەدەملىرىمنى يوغان ئېلىپ كىرىۋاتاتتىم، مەن ئۆزۈمنىڭ توغرا قىلىۋاتقىنىمغا ئىشىنەتتىم، باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى مەن ئۈچۈن ئۇنچە مۇھىم ئەمەس ئىدى، چۈنكى مەن رەببىم رازى بولغۇدەك ياشاۋاتاتتىم، بۇ كۈنلەرگە شۈكۈر ئېيتتىم دە، سىنىپقا كىردىم، ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا خۇددى ئەجنەبىي بىرىنى كۆرگەندەك قاراشقا باشلىدى، مەن: ھە نېمە بولدۇڭلار؟ ياپونلۇقنى كۆرۈپ تىلى تۇتۇلۇپ قالغان خېنىملىكتەك تۇرۇپ قالدىڭلارغۇ؟ ھېچقىسى يوق يىگىتلەر، ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا خىلمۇ ـ خىل ئىشلار كېلىپ تۇرىدۇ، سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىپ قويغۇلۇق دېدىم، بۇ گېپىمگە ھېچكىم كۈلمىدى ۋە ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمىدى، دەل شۇ پەيتتە مۇئەللىم كىرىپ كەلدى، بىز دەرسنى باشلىۋەتتۇق، دەرس ئارىلىقىدا مۇئەللىم: ھەممەيلەن ئىدىيە ـ ئەخلاقىغا دىققەت قىلىشى، قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلماسلىقى، خىلاپلىق قىلىپ جازا ئالغانلار تۈزىتىشى كېرەك. دېدى، بۇ گەپ ماڭىلا قارىتىلىپ دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئويغىنىشى ۋە تەپەككۇر قىلىشنى توسۇش مەقسەت قىلىنغان ئىدى، شۇ سەۋەپ مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم: ۋەتىنىمنى، مىللىتىمنى چۈشىنىش، ھەققىي تارىخنى بىلىپ كەلگۈسىدە ۋەتىنىنىڭ ئىزباسارى بولۇش ئۈچۈن باسقان ھەربىر قەدىمىم ئانامنىڭ سۈتىدەك ھالال، يانتاق ھەسەلدەك شىرىن تېتىيدۇ، بۇ يولدا بەرگەن ھەربىر قۇربانلىق، ھەربىر ئۇيغۇر پەرزەنتى ئۈچۈن شەرەپ! دېدىم ۋە سومكامنى كۆتۈرۈپلا چىقىپ كەتتىم، مەيدەمنى تىك تۇتقان ھالدا كېتىۋېتىپ ھېلىقى ساۋاقدىشىم ئەخمەت ئېسىمگە كەلدى، بۇنىڭدىن دەل ئۈچ ئاي بۇرۇن ئەخمەتمۇ مۇشۇ شەكىلدە سىنىپتىن چىقىپ كەتكەن ئىدى، تارىخ تەكرارلىنىدۇ دېسە ئىشەنمەيتىكەنمەن، ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر تارىخى تەكرارلىنىدىكەن، پەقەت ئېچىنىشلىق، ئازاپلىق تارىخلا ئەمەس، شانلىق، زەپەر تارىخىمىزمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەكرارلانغۇسى ئىنشائاللاھ... بۇ پىكىر مېنىڭ چىرايىمغا كۈلكە، قەلبىمگە تەسەللىي ۋە كەلگۈسىگە تېخىمۇ ئۈمىد ئاتا قىلدى ۋە ئۆيگە قايتتىم.①

① تۈركىيە «فاتىھ سۇلتان مەھمەت ئۇنىۋېرسىتېتى» ئىسلام بىلىملىرى فاكۇلتېتى، ئۈچىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.




ئابدۇلئەزىز ئاشۇر 1912-يىلى 1-ئايدا، ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ بۈگۈر ناھىيەسى يېڭىسار يېزىسىدا، ھۇشۇر داموللا ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. «چىڭگىزخان» دېگەن تەخەللۇس ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدىكى مىسىر پادىشاھى فارۇق تەرىپىدىن بېرىلگەن ئالىي ئۇنۋاندۇر. «چىڭگىزخان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئاتاقلىق»، «مەشھۇر»، «ناھايىتى كۈچلۈك»، «بويسۇندۇرغۇچى» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدىكى مىسىر پادىشاھى فۇئاد ئىشتىراك قىلغان بىر قېتىملىق چوڭ يىغىندا، ئابدۇلئەزىز ئاشۇرنىڭ ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن تاشلانغان سوئاللارغا ئەتراپلىق ۋە قايىل قىلارلىق جاۋاب بەرگەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھ فۇئاد ئۇنى ماختاپ، ئۇنىڭغا چىڭگىزخان دېگەن تەخەللۇسنى بەرگەن ئىكەن. چىڭگىزخان داموللام ئۇيغۇر، خىتاي، ئەرەب، پارس ۋە تۈرك تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان كىشى بولۇپ، دىنىي ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ ئەتراپلىق يېتىشكەن.

www.uyghurkitap.com

چىڭگىزخان داموللام قەشقەر، ھىندىستان ۋە مىسىرلاردا ئۇزۇن يىل ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، ئوقۇغان ئىلمىنى ۋە بارلىقنى ۋەتىنى ۋە خەلقى ئۈچۈن ئاتاپ شۇ يولغا ھاياتىنى تەقدىم قىلغان، 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا ئانا ۋەتەندە ئىلمىي ئاقارتىش ئىشلىرىدا، جۈملىدىن تارىخ ۋە ئەدەبىيات ساھەسى بويىچە داڭق چىقارغان كىشىدۇر. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا چىڭگىزخان داموللام مىسىردا ئەزھەر بىلىمگاھىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ بىر مەزگىل ئىشلىگەن. ئۇ 1946 ـ يىلى مىسىردىن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ مەھمۇت مۇھىتى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ياپونىيەگە بارغان. كېيىن يەنە مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بېيجىڭغا بارغان، مەھمۇت مۇھىتى ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ نامىزىنى چىنگىزخان داموللام چۈشۈرگەن.

چىڭگىزخان داموللام ئانا ۋەتىنىدىكى خەلقىنى جاھالەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارنىڭ دىلىغا ئىلىم ـ ئىرپانىنى يەتكۈزۈش نىيىتى بىلەن 1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئانا ۋەتىنىگە قايتقان. شۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەرھۇم ئەھمەدجان قاسىمى مەخسۇس ماشىنا ئەۋەتىپ داموللامنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن ۋە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بۆلۈم باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن. داموللام ئۈرۈمچىدە قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ياشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن، شۇ يىلى 1 ـ ئايدا بۈگۈر ۋەكىلى بولۇپ، گومىنداڭخۇي (مىللىي قۇرۇلتاي)غا قاتناشقان.

1949- يىلى چىنگىزخان داموللام ئۆز يۇرتى بۈگۈردە تۇرۇۋاتقاندا، مۇھەممە ئەمىن بۇغرا ۋە ئىيسا ئالىپتېكىنلەر بۈگۈرگە كېلىپ، ئۇنى چەتئەلگە بىرگە ئېلىپ ماڭغان بولسىمۇ، چىنگىزخان داموللام چېگرىدىن ئۆتەلمەي قايتىپ كەلگەن ۋە يەكەندە تۇرۇپ قالغان. چىنگىزخان داموللام 1950 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قەشقەردە قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆتكەلگەن، 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شېھىت قىلىنغان.

چىڭگىزخان داموللام ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىدا، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تارىخى ھەققىدە «ئەركىن تۈركىستان»، ئۇيغۇر ئىلىنىڭ جۇغراپىيىسى ھەققىدە، «ئۇلۇغ تۈركىستان» قاتارلىق نەسرى ئەسەرلەرنى، «گۈزەل تۈركىستان» ناملىق ئۇيغۇرچە شېئىرلار توپلىمىنى، «تۈركچە تەجۋىد»، « ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىسى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىس قائىدىسى »، «

تۈركىستاندا ئىسلامىيەت »، «تۈرك ئەدەبىيات تارىخى»، «تۈركىستان ئەل خالىدە»، «تۈركىستان قەلبى ئاسىيا»، «سەۋتۇل ۋىجدان» قاتارلىق ئەدەبىيات تارىخى، تارىخ، جۇغراپىيە، شېئىر، گىراماتىكىغا ئائىت 12 پارچە كىتاب يېزىپ ۋەتەنگە بولغان ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقتىن ئىبارەت مىللىي بورچىنى ئادا قىلغان بولسا، قۇرئان كەرىمنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەممىي سادىق ۋە ئىخلاسمەن بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان. «تىغ تۈركانى» ناملىق فارسچە قەسىدىسىنى يېزىپ ئۆزىنىڭ ئىسلام تونىغا ئورىنىۋالغان ئازغۇن ئېقىمدىكىلەرگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈرگەن.

چىڭگىزخان داموللامنىڭ قان ـ تەر سەرىپ قىلىپ يازغان 13 پارچە كىتابىدىن «تۈركىستان ئاسىيانىڭ قەلبى»، «سەۋتۇل ۋىجدان»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىسى» ۋە «تىغ تۈركانى» قاتارلىق تۆت پارچە كىتابىلا نەشر قىلىنغان بولۇپ، قالغان كىتابلىرى نەشر قىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەستىن يوقاپ كەتكەن. تۆۋەندە بىز ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللامنىڭ «ۋىجدان ئاۋازى ۋە تۈركىستان سۆيگۈسى» ۋە «تۈركىستان ئاسىيانىڭ يۈرىكى» ناملىق ئىككى ئەسىرى ئۈستىدە توختىلىمىز:

## «ۋىجدان ئاۋازى ۋە تۈركىستان سۆيگۈسى»

ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللامنىڭ «ۋىجدان ئاۋازى ۋە تۈركىستان سۆيگۈسى»ناملىق شېئىرىي ئەسىرى غۇربەت كوچىلىرىدا ئۆز ۋەتىنىنى سېغىنىشى ۋە ۋەتىنىگە بولغان ئىخلاسى ھەم مۇھەببىتى مۇجەسسەملەنگەن ئەسەر بولۇپ، ئۇنى مىسىردا ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى بولۇش جەريانىدا ئەرەب تىلىدا يېزىپ چىققان ئىكەن. بۇ ئەسەر تۇنجى قېتىم 1944 ـ يىلى مىسىردىكى «تۈركىستان جەمئىيىتى» تەرىپىدىن قاھىرەدە، ئىككىنچى قېتىم 1984 ـ يىلى پاكىستاندا قاھىرە نۇسخىسى فاكسىمىل قىلىنىپ 500 نۇسخا نەشر قىلىنغان ئىكەن.

ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللام مەزكۇر شېئىرىي ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ چىن قەلبىمدىن چىقىۋاتقان ۋەتەن سۆيگۈسى، يۈرىكىمنىڭ ئىچكى قېتىدىن كەلگەن ۋىجدان ئاۋازىدۇ. مانا مۇشۇ مىنۇتلاردا، ۋەتىنىمنىڭ خىيالى كۆڭلۈمدە بىر بىرلەپ ئۆتمەكتە. ۋەتىنىمگە بولغان چوڭقۇر سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىم ھېسسىياتىمنى باشلاپ كېتىپ بارماقتا. قەلەم بۇ ھېسسىياتنى قەغەز يۈزىگە تۆكۈش ئالدىدا تۇرماقتا. تۇغۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يېرىمىدىن، تۇغقانلىرىمنىڭ ۋە ئەجدادلىرىمنىڭ ماكانىدىن ئايرىلىپ غۇربەت كوچىلىرىدا كۆپ يۈردۈم. قىتئەلەرنى كەزدىم. مۇساپىرلىقنىڭ ئېغىر غۇربەتلىرىنى چەكتىم. ھىندىستاندىن خىتايغىچە، مىسىردىن ھەرەمگىچە بولغان يوللارنى باستىم. ئاخىرقى مۇشۇ يىللىرىمنى مىسىرنىڭ ئەزھەر بىلىم يۇرتى بىلەن پادىشاھ فۇئاد ئۇنىۋېرسىتېتى (ھازىر قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى)دە ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئۆتكۈزدۇم. مەن مۇشۇ يىللارنىڭ ھەممىسىدە ۋەتىنىم تۈركىستانغا بولغان ئىخلاسىمنى، مۇھەببىتىمنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنۇتمىدىم.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ۋەتىنىم ھەققىدە پىكىر سۈرۈش ئەسناسىدا بۇ ئەسلىمىلەرنى كۆڭلۈمگە تىزىپ چىقتىم. بۇ ئەسلىمىلەر ھازىر ئەمدى كۆڭلۈمدە شېئىر شەكلىنى ئېلىپ، نەزمىگە كىرمەكتە. ئاخىرىدا بۇ ئەسلىمىلىرىم ئارقىلىق ۋەتىنىم تۈركىستاننى ۋە ئۇنىڭدا خەلقىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئۆتكەن ئەرلەرنى قەسىدىلىرىم بىلەن ئەسلەيدىغان بولدۇم».

## چىنگىزخان داموللامنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنە

ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللام «ۋىجدان ئاۋازى ۋە تۈركىستان سۆيگۈسى»ناملىق شېئىرىي ئەسىرىنى مۇنۇ شېئىر بىلەن باشلىغان:

نجوى الهوى وتحية الأكبار
لك يا حمى مجدي وسهد قراري
وطني وحبك ساكن في مهجتي
والحب للوطن الكريم شعاري
أهلاً بذكراك التي احيا بها
كالروح ملء السمع والأبصار
يا ارض تركستان إنك جنة
والشوق عندي من لهيب النار

تەرجىمىسى:

سۆيگۈم ھەم سالامىم سەن ئۈچۈن دائىم
ئەي ئۇلۇغ ۋەتىنىم! سۆيگەن دىيارىم.
ئوتلىرىڭ قەلبىمدە يانغان بىر گۈلخان،
سېنى سۆيۈشتۇر مېنىڭ شۇئارىم.
ۋەتىنىم سەن بىلەن گۈللەپ ياشايمەن،
ئۇلۇغسەن، ئۇلۇغلاردىن يادىكارىم.
ۋەتىنىم ئەي تۈركىستان! سەن گۈزەل ـ جەننەت،
بىرلا سەندۇر مېنىڭ ئىشقى سەۋدايىم».

## «تۈركىستان ئاسىيانىڭ قەلبى»

چىڭگىزخان داموللام دىنى مەدرىسىدە ئوقۇپ يېتىشكەن ئالىم بولسىمۇ،

دىنىدارلىق بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئوخشاش كۆرەتتى. مەزكۇر كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېنىق قىلىپ «ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەبەدىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان نۇرغۇن مەجبۇرىيەت ۋە ۋەزىپىلەر بار، بۇنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئىككى مەجبۇرىيەت بولۇپ، بۇنىڭ بىرى دىنىي مەجبۇرىيەت بولسا، يەنە بىرى ۋەتەن ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتتۇر» دەيدۇ. بۇ ئىككى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغانلىقنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش يولىدا، دىنى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقسا، ۋەتەن ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن «تۈركىستان ئاسىيانىڭ يۈرىكى» ناملىق كىتابنى يېزىپ، نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، مەزكۇر كىتاب بۈگۈنگە قەدەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى يازماقچى بولغان مۇئەللىپلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مۇراجىئەت مەنبەئى بولۇپ كەلمەكتە.

چىڭگىزخان داموللام «تۈركىستان ئاسىيانىڭ قەلبى» ناملىق مەزكۇر كىتابنى يېزىش سەۋەبى ھەققىدە توختىلىپ: «مەن ئەقلىمگە كەلگەن كۈندىن بۇيان كۆچلۈك ئىمانىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن دىنىي ۋە مىللىي ۋەزىپىنى ئادا قىلىشنى ھېس قىلىپ كەلگەن ئىدىم. بۇ يولدا ۋەتەنگە خىزمەت قىلىشنى ئەينى زاماندا دىنغىمۇ خىزمەت قىلغانلىق بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ۋەزىپىنى ئادا قىلغانلىق بولىدۇ دەپ قارايتتىم. بۇ ئىككى ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۇنياغا پەيدا بولغان كۈنىدىن بۈگۈنكى كۈنگىچە بولغان تارىخىنى ئەرەب تىلى بىلەن بايان قىلىدىغان چوڭ ئىككى توملۇق تارىخ يېزىپ ئىسمىنى ‹تۈركىستان ئەل خالىدە› دەپ ئاتىدىم. بۇنىڭ بىلەن دىنغا ۋە ۋەتەنگە خىزمەت قىلىپ، ئاللاھنى ۋە ئۈممەتنى رازى قىلدىم، دەپ قارىدىم. بۇ كىتابىمنى تولۇق نەشر قىلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسامۇ، بۇنىڭغا ۋاقىت يار بەرمىدى. بىر مەزگىل كۈتۈشكە توغرا كەلدى. بۇ مەزگىلدە مىسىردىكى تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى قىسقىچە، ئەمما توغرا بايان قىلىدىغان بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم، تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن ‹تۈركىستان ئەل خالىدە› ناملىق كىتابىمغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن» دەپ يازىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




رەسۇلۇللاھ بىزگە ئېيتتى ھەدىسىدە،
ئەھلى ـ ئەۋلاد تەربىيلەشتە مەسئۇللۇق بار.
چارۋىچىلار ماللىرىغا دىققەت قىلماي،
چىگرا ئىچرە كىرىپ قالسا، مەسئۇللۇق بار.

ھەربىر ئىنسان تونۇپ ئىسلامنىڭ ئۇلىنى،
چىن قەلبىگە ئورناشتۇرۇپ دىن يولىنى،
ۋەزىپىگە ئاتلاندۇرۇپ پۇت ـ قولىنى،
ئىشلىمىسە، ھەق ئالدىدا مەسئۇللۇق بار.

«مەن مۇسۇلمان» دەپ، ئاغزىدا لاپىنى ئۇرۇپ،

كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمانچە ئۇز جابدۇنۇپ،
دىنى ئۇچۇن قايغۇرۇشنى ئەستىن قويۇپ،
بىخۇتلارچە كۈن كۆرۈشتە مەسئۇللۇق بار.

پەيغەمبىرىم بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپ كەتكەن،
دىن يولىنى بىز ئۇممەتكە قويۇپ كەتكەن،
دىنىمىزگە بىر تۇزۇمنى تۇزۇپ كەتكەن،
ئىشلىمىسەك شۇ يول بىلەن مەسئۇللۇق بار.

شۇنىڭ ئۇچۇن ھەممە بىردەك ئىلىم ئوقۇپ،
ھەم ئۆگۈتۈپ، پەرزەنتلەرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ،
بالا ـ چاقا تۇغقانلارنى ھەم ئويغۇتۇپ،
يولغا سالماي يۇرىۋەرسەك، مەسئۇللۇق بار.

قۇرئان ـ ھەدىس مەنىسىنى ئۇيغۇر تىلدا،
ھەر سائەتتە، ھەر مىنۇتتا ھەم ئاي، يىلدا،
تەرجىمەلەپ سۆزلەپ بېرىپ، كۈتۈپ دىلدا،
خەلقىمىزگە ئۇختۇرمىساق، مەسئۇللۇق بار.

ئەۋلادلارنى تەربىيلىمەي، ھەم ئوقۇتماي،
دىنني ئىسلام يوللىرىنى ھېچ تونۇتماي،
ئىلىم بىلەن دىللىرىنى خۇپ يورۇتماي،
بولۇشىغا قويۇۋەتسەك، مەسئۇللۇق بار.

ئۆلىمالار، ھەم ئەجداتلار بۈگۈنگىچە،
دىننى بىزگە يەتكۈزدىلەر تا ئۆلگىچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرىسى

خىيانەتچى بىز ئەۋلادلار قىلدۇق كېچە،
بۇ كېچىنى يورۇتمىساق مەسئۇللۇق بار.

كۆپلىرىمىز ئىشان ـ خەلپە قولنى تۇتتۇق،
ئازغۇن، جاھىل ئادەملەردىن بەخت كۈتتۇق،
قۇرئان ـ ھەدىسكۆرسەتكەننى بىز ئۇنۇتتۇق،
بىدئەت يولدىن يانماي ئۆلسەك، مەسئۇللۇق بار.

دۇنيا ئۈچۈن ھاياتىمىز قۇربان قىلدۇق،
كەتمەن چېپىپ كۆپ چۆللەرنى بوستان قىلدۇق،
دىنى ئىسلام پايدىسىنى ۋەيران قىلدۇق،
قەلبىمىزنى تۈزەتمىسەك، مەسئۇللۇق بار.

قۇرئان ئوقۇپ جۇزئىياتتىن ساۋادىم بار،
ئەرت ـ ئاخشام زىكىر ئېيتتىم ساۋابىم بار،
قولداغلى ئىشانىم بار، سۇلتانىم بار،
دەپ تونىما مەغرۇرلۇقتۇر، مەسئۇللۇق بار.

قۇرئان ـ ھەدىس مەنىسىنى ئوبدان بىلمەك،
ھەم ئىشلىمەك، ھەم قوغدىماق جاننى تىكمەك،
پەرز ئەيندۇر ھەممىمىزگە دىن ئۆگەنمەك،
خاتۇن ـ پەرزەنت بىلمەي قالسا، مەسئۇللۇق بار.

ئەي بۇرادەر بىخۇت بولماڭ، مەغرۇر بولماڭ،
ئىلىم بىلمەك، ئىشلىمەكتىن مەھرۇم قالماڭ،
ئىزباسارلار يېتىشتۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالماڭ،

كۈچ چىقارماي ئۆلۈپ كەتسەك، مەسئۇللۇق بار.

ئىمانىمىز نەتىجىسىز ئەسقاتمايدۇ،
غاپىل كىشى ھەق ئىستىمەي جىم ياتىدۇ،
ۋىجدانسىزلار ئالتە پۇلغا دىن ساتىدۇ،
ۋىجدانسىزلىق قىلماڭ ئەسلا مەسئۇللۇق بار.

ئېتىقاد ھەم ئىمانىمىز راس بولمىسا،
ئىبادەتلەر خۇدا ئۈچۈن خاس بولمىسا،
بىدئەتلەردىن، ئەخلەتلەردىن ساپ بولمىسا،
مەقبۇل بولماس، ئاخىرەتتە مەسئۇللۇق بار.

قۇرۇق قول سەن، ئىشانىڭدىن قولداش كەلمەس،
چوڭ ئازابتىن قۇتقازغىلى يولداش كەلمەس،
باش ئاغرىسا، ئەرۋاھلاردىن مەدەت كەلمەس،
بىر خۇداغا ئېسىلمىساڭ، مەسئۇللۇق بار.

ئاللاھ سېنى ھايۋان قىلماي ئادەم قىلدى،
ئىمان ـ ئىسلام، ئەقىل ـ ۋىجدان ئىنئام قىلدى،
«ئىبادەتكە ياراتتىم» دەپ، ئېلان قىلدى،
پۇل ـ مالغىلا يۈگۈرمىگىن مەسئۇللۇق بار.

ھۈنەر ـ تېخنىك، ھالال كەسپلەر ئۆگىنىپ،
دۇئاگويلۇق، تەمەخورلۇقنى تۈگىتىپ،
قۇرئان ـ ھەدىس مەفھۇمنى دىل ئورنىتىپ،
ئالىي نىشان كۆرسەتمىسەك مەسئۇللۇق بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى

| دۆلەت | ئالاقىلاشقۇچى | تېلېفون نومۇرى |
|---|---|---|
| ئامېرىكا | نۇرىددىن ھاجىم | 0015712161352 |
| كانادا | تۇيغۇن ئابدۇۋېلى | 0004077672770 |
| شۋېتسارىيە | ئاندىلى مۇھەممەد كەرىم | 0040676224606 |
| نورۋېگىيە | ئۆمەرجان ھاجىم | 004740557071 |
| ئاۋىستىرالىيە | ئابدۇسالام قارىم | 0061413550840 |
| شۋېتسىيە | ئەھمەد تۇرسۇن | 0046735710908 |
| گېرمانىيە | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن | 00491761038276 |
| گوللاندىيە | ئابدۇرېھىم غېنى | 0031619965958 |
| فىنلاندىيە | ئابدۇلھەفىز قارىم | 00358409524426 |
| ياپونىيە | تۇرمۇھەممەد ھاشىم | 00818041968973 |
| تۈركىيە | ئابدۇلجېلىل تۇران | 0090532414055 |
| ئوتتۇرا ئاسىيا | يارمۇھەممەد قارىم | 0077017410435 |
| مىسىر | زەئىم مەنسۇر | 0020111432366 |
| سەئۇدىي ئەرەبىستان | مەتتىمىن قارىم | 00966502382971 |